# شنجاڭ
# ئەدەبيات ـ سەنئتى

www.azizisa.org

5 — 4

www.azizisa.org

شينجاڭ خەلق نەشرياتى

1951 ئورومچى



# مۇندەرىجە

بەت


ي. كوۋسىمىكىن. سوۋېت ئەدەبىياتى تىنچلىق ئۈچۈن (ماقالە) ........ 1
ت. ئالماس. ستالىنغا بېغىشلاپ (شېئىر) ........ 5
مافىك. چاقماق چېقىپ يامغۇر ياققان بىر كېچىدە (ھېكايە) ........ 7
رېداكسىيە. تىنچلىق كۈرەشچىسى پابلو نېرودا ........ 14
پابلو نېرودا. ئورمانچى ئويغانغۇدۇ! (پوئېما) ........ 15
ئابلىز نازىرى. خۇاڭخې دولقۇنى (شېئىر) ........ 18
غەنىزات غەيورانى. شائىر (شېئىر) ........ 19
كوللېكتىۋ. ئاق چاچلىق قىز (شۇ ناملىق ئوپېرانىڭ داۋامى) ........ 20
خ. ھوسەينى. شىنجاڭ ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ يېڭى دولقۇنى ........ 32
زىيا سەمەدى. غەربىي شىمال مەدەنىيەت مەئمۇرىيىتى كونفېرانسىيەسىنىڭ روھىنى ئۆلكە بويىچە قانات يايدۇرايلى ........ 48
بىرىنچى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئەدەبىيات — سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ خۇلاسىسى ........ 60


www.azizisa.org

www.azizisa.org

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىي سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى ۋە ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ ئايلىق نەشىر ئەپكارى.

# شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئىتى

№ 4 - 5 نويابر - دېكابر 1951

ياكوۋ سىمىكىن

## سوۋېت ئەدەبىياتى تىنىچلىق ئۈچۈن كۈرەشمەكتە

پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرى، سوۋېت ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ئا. م. گوركىينىڭ كلاسسىك داستانى – دانكو ناملىق يىگىتنىڭ يۈرىگى توغرىسىدىكى قىسسىسىنى ياخشى بىلىدۇ.

... ئادەملەر قويۇق ئورمان ئىچىدە ئادىشىپ قالدى. ئۇلارنى ياۋايى ھايۋانلار قوغلاپ كەلىۋاتقان ئىدى. چىلەكتىن قۇيغاندەك قىلىپ يامغۇر ياغماقتا. گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىمەكتە، مېگلاپ كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە مۇقەررەر ھالاك بولۇشىنى كۆرگەن دانكو ئۇلارنى قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئورماندىن ئېلىپ چىقىشقا قارار قىلدى. ئادەملەرنى ئالدىدا ئازاپ – ئوقۇبەت كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بىر قويۇق ئورمان ئىچىدىن چىقىۋېلىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالمايتتى.

دانكو گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرماما ئاۋازىنى بېسىپ كېتىدىغان قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

www.azizisa.org

— ئادەملەر ئۈچۈن

دە، ئۆزىنىڭ كۆكرىكىدىن يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، يۇقۇرىغا كۆتەردى. ئۇنىڭ يۈرىگى خۇددى مەشئەلدەك ئادەملەرنىڭ يولىنى يورۇتتى. ئادەملەرمۇ دانكونىڭ يېنىۋاتقان يۈرىگىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، مېڭىپ كەتتى. دانكو ئۇلارنى قۇياش پارىلداۋاتقان تىنىچ ۋادىغا ئېلىپ چىقتى. بۇيەردە ئادەملەرنى بەختىيت – سائادەت كۈتىۋاتقان ئىدى.

سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىگى بولغان ئا. م. گوركى پۈتۈن دۇنيا يەڭگى ئەدەبىياتىنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بەردى. سوتسىيالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئادەملەر بەختىيت – سائادىتى ئۈچۈن كۈرۈشۈشى ئەنە شۇ يوسۇندا باشلىنىپ كەتتى.

تىنىچلىق يولىدىكى ئىجادى مېھنەتسىز ئادەم بەختىلىك بولۇشى مۇمكۈن ئەمەس. «كىمىكى مېھنەت قىلسا، شۇ كىشى خوجايىندۇر» – دېدى گوركىينىڭ «مىششانلار» دىگەن پىيەسسىنىڭ قەھرىمانى پاراۋوز ماشىنىستى نىل.

www.azizisa.org

سوۋېت ئەدەبىياتى كۈنلەردىلا ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئىجادى مېھنەت ئىدىيەلىرى بىلەن سۇغۇرۇلدى.

كەلگۈسىدە بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ تارىخىنى يازىدىغان ئادەم نۇرغۇن ھۆججەتلەر، شۇ جۈملىدىن سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئەدەبىياتى ئاساسىدا بىرنەرسىنى، يەنى سوۋېت كىشىسى بىر مىنۇت تىنىچلىقنى قولغا كىرگۈزۈشى بىلەنلا غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇپ مېھنەت قىلىشقا باشلىغىنىنى تولۇق تەسۋىر قىلىدۇ.

ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرماماسى ئوتۇپ كەتتى. سوۋېت خەلقى بولسا ۋاقىتنى ئەسلا قولدىن كەتكۈزمەي، چوڭ غەيرەت، زوق بىلەن قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا، ئۇرۇش نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان ئەمگىلىگىنى تىكلەشكە كىرىشتى.

سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ئەجايىپ ئەسەرلىرىدە ئىشەنىچ بىلەن كوممۇنىزمغا قاراپ بېرىۋاتقان سوتسىيالىزم مەملىكىتىنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنمەكتە. كىشان

www.azizisa.org

ئىشچىلىرى ۋە كولخوزچىلار، ئىنژىنېرلار ۋە بىلىمچىلار، ئالىملار ۋە پولات ئېرىتقۇچىلارنىڭ تىنىچلىق يولىدا قىلىۋاتقان ئىجادى مېھنەتلىرى، سوۋېت ۋاقىتلىگىنى راسچىللىق بىلەن تەسۋىرلىگۈچى سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ مەركىزى ماۋزۇسى بولۇپ قالدى.

مېھنەت تىنىچلىق ئۈچۈن جەڭدۇر! — دەيدۇ سوۋېت كىشىلىرى، گىئورگى گولىيانىڭ «ساكىندىكى باھار» ناملىق ئەسىرىنىڭ قەھرىمانى، فىرونتچى كولخوز بىرىگادىرى باھار ئىشلىرى ئالدىدىن كولخوزچىلارغا تۆۋەندىكى سوزلەر بىلەن مۇراجىئەت قىلىدۇ:

«يولداشلار بىز دالا ئىشلىرىغا چىقىۋاتىمىز، بىر چوڭ ھادىسىدۇر. نېمىشقا چوڭ ھادىسە؟ بىز كىچىمۇ ئادەملەر يەر ھايدىمىغانمىدى؟ ئەمكىن ئەكمىگەنمىدى؟ يەرمۇ ھايدىغان، ئەمكىنمۇ ئەككەن. ئەمما بىز بولساق ئەجايىپ ھوسۇل ئۈچۈن كورۇشىمىز. بىز يەنگى بىر ئىش كورسۇتۇش ئۈچۈن ئەتىزغا چىقىۋاتىمىز. ئەگەردە «بىزگىچە» يۈز ژىل، مىڭ ژىل بۇرۇندىن ئاۋۋالمۇ ئادەملەر ئەتىز چەبىپ دىخانچىلىق قىلغان. يەر ھايدايدىغان، ئەمكىن ئەككەن؛ بىراق ھېچ قانداق ھادىسە بولمىغان. ھازىر بولسا، ئەتىزغا ئىشقا چىقىش ئادەملەرنىڭ روھىنى كوتۇرىدىغان ئەنتەنىلىك ھادىسە بولۇپ قالدى.

يېزىنىڭ ئەلەكتىرلەشتۈرۈلۈشى؛ شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرۇسىدىكى پەرقنىڭ بارغانسېرى يوقۇلۇشى؛ يەنگى يېزا زىيالىلىرىنىڭ ئوسۇشى، ئاددى كولخوزچىلارنىڭ زىيالى بولۇپ يېتىشىشى؛ تەبىئەتنى ئوزگەرتىش ئۈستىدىن ستالىنچە ئۇلۇغ پىلاننىڭ بارغانسېرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى؛ — س. بابايېۋسكىي ئوزىنىڭ «ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالېرى» ۋە «يەر ئۈستىدىكى يورۇغلۇق» دېگەن رومانلىرىدا ئەنە شۇ ژۇقۇرىدا كورسۇتۇپ ئوتۇلگەن مەسىلەلەرنى ئاساسى ماۋزۇ قىلىپ ئالىدۇ. بۇ ماۋزۇلار شۇنۇڭ ئۈچۈنمۇ، بىزگە يېقىندۇركى، ئۇلار ئەنە شۇ ماۋزۇلاردا سوتسىيالىزم مەملىكىتىنى ئورۇشتىن كېيىن قانداق پىكىر ۋە ئىشلەر ھاياجانلاندۇرغىنىنى روشەن كورسۇتۇپ بېرىدۇ. بابايېۋسكىينىڭ رومانلىرى سوتسىيالىستىك ئەگىنىڭ ئومۇمى خەلىقچە سېگىپ كەتكىنىنى، ئاددى كىشىلەرنىڭ ئىجادى تەشەببۇسىنى، ئۇلارنىڭ ئىجادى مېھنەت ئاساسىدا بارغانسېرى ئوسۇۋاتقانلىقىنى دەۋلەت ئۆتقەمى نەزەرىدىن قاراپ پىكىرىدۇر ئوزۇۋاتقانلىقلىرىنى كورسۇتۇپ بېرەمەكتە. سوۋېت كىشىلىرى ئۇرۇش ۋاقتىدا پۈتۈن ئوي-پىكىرلىرىنى يولداش ستالىن نامى بىلەن باغلىغان بولسا، تىنىچ قۇرۇلۇش دەۋرىدىمۇ ھەممە ھەۋەسلىرىنى، ھەممە ياخشى ئىشلىرىنى ئۇلۇغ داھىنىڭ نامى بىلەن باغلىماقتا. س. بابايېۋسكىينىڭ «يەر ئۈستىدە يورۇغلۇق» دېگەن رومانىدا «دىخان دوستلىغى» كولخوزىنىڭ رەئىسى كونىستانتىن پاتكىرانوۋ دەرەخ تىكىدىغان كولخوزچىلار بىرىگادىسىغا كېلىپ، كولخوزچىلارغا تۆۋەندىكىلەرنى سوزلەپ بېرىدۇ.

— «كرېملدا مەخسۇس بىر خەرىتە بار ئىكەن، — دېدى. ئۈزۈنغىلىپ ئولتۇرغان كولخوزچىلارنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ www.azizisa.org كەۋاتقان دەرەخزارلىرىمىزمۇ كورسۇتۇلگەن ئىكەن. بۇ خەرىتە يولداش ستالىننىڭ ستولىغا يېيىپ قويۇلغان ئىكەن».

سوۋېت خەلقى ھېچ قاچان ئوزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇلۇغلىغىنى ھازىرقىدەك شۇنچىلىك چوڭقۇر ھەس قىلغان ئەمەس، ئۇلۇغ يولباشچىمىزنىڭ داھىيانە كورسەتمىلىرى ۋە رەھبەرلىگىدە بىزنىڭ پۈتۈن تورمۇشىمىز يەنگىۋاشتىن قۇرۇلماقتا. تەبىئەت ئوزگەرتىلمەكتە. كوممۇنىزم يورۇتۇلماقدا.

پ. پاۋلىنكو ئىجات قىلغان «بەخىت» دېگەن رومانىنىڭ قەھرىمانى پولكوۋنىك ۋورۇپايېۋ قىرىمدا يولداش ستالىن بىلەن ئۇچرۇشۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. بۇ ۋاقىئە روماندا تۆۋەندىكىچە تەسۋىر قىلىنىدۇ:

«ۋورۇپايېۋ ستالىننى ئاخىرقى مەرتىۋە 1941 - ژىل 7 - نويابىر پارادىدا كورگەن ئىدى. شۇندىن بۇيان ستالىن ئۇنۇڭغا ئەسلا قېرىمىغاندەك، ئەمما باشقا تەرەپتىن كوپ ئوزگەرگەندەك كورۇندى. ئۇنۇڭ تونۇش چىرايى خۇددى ئاۋۋالقىدەك بولسىمۇ، لېكىن يەنگى ئالامەتلەر، ئەنتەنە بەلگۈلىرى پەيدا بولغاندەك كورۇندى. بۇنى بايقاپ ۋورۇپايېۋ كوپ خوشال بولدى.

ستالىننىڭ چىرايى ئوزگەرمەسلىگى ۋە سەل باشقىچەرەك كورۇنمەسلىگى مۇمكۇن ئەمەس ئىدى. چۈنكى خەلىق ئۇنۇڭ يۈزىگە خۇددى ئەينەككە قارىغاندەك قاراتتى ۋە ئۇنۇڭدا ئوز ئەكسىنى كورەتتى؛ خەلىق بولسا يەنە كوپرەك ئۇلۇغلۇق تەرىپىگە قاراپ ئوزگەرگەن ئىدى».

www.azizisa.org

پ. پاۋلېنكونىڭ رومانىغا دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل چۈشەنچە «بەخىت» دەپ نام قويۇلغان. قەدىمكى زامانلاردا ئادەملەر بەخىت ئىزدىسىمۇ، ئەمما ئۇنى تاپالمىغان ۋە ئەنە شۇ بەخىت ئۈچۈن كۈرەشۈپ كەلگەن. پاۋلېنكونىڭ رومانى بولسا ئادەملەرنىڭ بەخىت ئىزدىشىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ بەخىتنى تاپقانلىقلىرىنى، ئادەملەرنىڭ قانداق بەخىتلىك بولغانلىقلىرىنى ھىكايە قىلىپ بەرگەندۇ.

ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ئىنۋالىدى، مەيىپ پولكوۋنىك ۋوروپايېۋ قۇياشلىق قىرىم قىرغاقلىرىدا، ئەتراپى دەرەخلەر بىلەن ئورالغان يالغۇز، ئېنىچ بىر ئۆيدە بەخىت تاپىمەن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما ئۇرۇش ئۇنىڭغا باشقىچە بەخىت يولىنى كۆرسەتۈپ بەردى. بۇ بەخىت يولى پۈتۈن خەلقنىڭ بەخىت-سائادىتى ئۈچۈن كۈرەشۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ۋوروپايېۋ كولخوز ھاياتىدا ئاكتىۋ قاتناشتى. چوڭ كوللېكتىۋقا رەھبەرلىك قىلدى. ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشلىرى بىلەن مىڭلاپ ئادەملەرنىڭ روھىنى كۆتەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ فرونتچى كوممۇنىست مېھنەت قىلىپ ئۆزىنىڭمۇ بەختىنى تاپتى. سوۋېت كىشىسىنىڭ خۇش-چاقچاق ھاياتىنى چۈشەندى؛ پۈتۈن دۇنيادا تىنچلىق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسەن جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

گ. نىكولايېۋانىڭ «ئوما - ژىغىم» دېگەن رومانىدا شۇنداق قىزىق بىر ۋاقىئە تەسۋىر قىلىنىدۇ: رايون پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ئاندرى پېتروۋىچ كولخوز رەئىسى ۋاسىلىينى يامان ئىشلىگىنى ئۈچۈن قاتتىق تەنقىت قىلىدۇ. ۋاسىلى خاپا بولىدۇ.

«ئاخىر مەن قالاق كولخوزنى يولغا سالدىم ۋە تىيىم. رايكوم سېكرېتارى ياخشىراق مۇئامىلە قىلسىمۇ بولاتتى» دەپ يامانلاپ قالىدۇ. بىر كۈنى ۋاسىلى خەلىقئارا ئەھۋال توغرىسىدا لېكسىيە ئاڭلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاسىلىينىڭ رايكوم سېكرېتارىغا يامانلاپ يۈرۈشى يوقۇلىدۇ. بۇ توغرىدا روماندا تۆۋەندىكىچە تەسۋىر قىلىنىدۇ:

«لېكتور، چەت ئەللەردە، يەنى كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە رېئاكسىيە كۈچلىرى بارغانسېرى باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقلىرىنى ئۇلار كۆندىن - كۈنگە ئۆزلىرىنىڭ ئىبلاس ئىشلىرىغا كۈچەيتىۋاتقانلىقلىرىنى، يېڭى ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردى. قىسقىسى، پۈتۈن لېكسىيە رايكوم سېكرېتارى ئاندرى پېتروۋىچنىڭ: «سۈرئەتلەرنى سۇسلاشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس!» دېگەن سۆزلىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

يولداشلار، پۈتۈن دۇنيادا تىنچلىقنىڭ گۈرۈۋىسىلەر بىلەن بىزنىڭ كۈچىمىز دەيدۇ. بۇ كۈچنى بولسا بىز ئۆز قولىمىز بىلەن داللىرىمىزدا ۋە زاۋۇتلىرىمىزدا ئۆستۈرۈۋاتىمىز! - دەيدۇ لېكتور.

بۇ سۆزلەر ۋاسىلىيگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ، رايكوم سېكرېتارىنىڭ نېمىشكە ئۇنى قاتتىق تەنقىت قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى ياخشى چۈشۈنۈۋالدى، ئەتىسىگە ۋاسىلى ئۆزى قولىغا «پراۋدا» گېزىتىنى ئېلىپ، كولخوزچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق دەپ سۆز باشلىدى.

بىز ئۆزىمىزنى گويا ناھايىتى نۇرغۇن ئىش قىلدۇق دەپ ئويلايمىز، ۋاھالەنكى ئەتراپىمىزغا بىر كۆز سالساق، ئادەملەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالساق كۆرىمىز، تېخى ناھايىتى ئاز ئىش قىلغان ئىكەنمىز... مانا گېزىتنى ئوقۇپ كۆرۈڭلار. «پراۋدا» نىڭ ئەنە شۇ بىر سانىدىكى خەۋەرلەرگە قۇلاق سېلىڭلار: «ئامېرىكا قوشماشتاتلىرىنىڭ سېناتىدا گرېتسىيە ۋە تۈركىياغا ياردەم بېرىش توغرۇسىدىكى مۇزاكىرىلەر» مەسىلە نېمىدە ئۆزى؟ ئامېرىكىدىكى ئۇرۇش ئوتىنى ياققۇچىلار ئەنە شۇ «ياردەم» نىقابى ئاستىدا داردانەل بوغۇزىغا چىقىۋالماقچى. مانا يەنە بىر خەۋەر: «گرېتسىيە قوشۇنلىرىنىڭ گرېك پارتىزانلىرىغا ھۇجۇمى» مانا مەسىلە قەيەردە: كاپىتالىستلارنىڭ «ئىش» لىرىنى بىر تاماشا قىلىڭلار. بۇنىڭدىن ئوق - دورا پۇرىقى كېلىۋاتىدىغۇ. بىز بۇنىڭغا ئېتىبار قىلماسلىقىمىز مۇمكىنمۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس. تىنچىپ قېلىپ، سۈرئەتلىرىمىزنى سۇسلاشتۇرۇشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

لېنىن - ستالىن پارتىيەسى سوۋېت كىشىلىرىنى ھەقىقەتەن سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىدا تەربىيە قىلىپ كەلمەكتە. كازاكېۋىچ ئىجات قىلغان «ئودېردا باھار» دېگەن رومانىنىڭ قەھرىمانى سېرژانت سىلىۋېنكو ئۇرۇش ۋاقتىدا ئائىلىسىدىن، ھويلا - جايىدىن مەھرۇم بولۇدۇ. فاشىستلار ئۇنىڭ بىردىن - بىر قىزىنى گېرمانىياغا قۇل قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. سېرژانت سىلىۋېنكو فاشىستلار گېرمانىياسىگە بىرىنچى مەرتىۋە باستۇرۇپ كىرگىنىدە قەھرى - غەزەپ نەپرەت يالقۇنىغا تولۇپ تاشقان بولۇدۇ. بىراق بىر نېمىس يېزىسىدا مېھنەتكەش نېمىس دېھقانلىرىنى، ئۇ-

www.azizisa.org

لارنىڭ سوگەللىك قولليرىنى كورۇشى بىلەنلا، گۇ-
ئۈك كوڭلىدە باشقا ھەسلەر ئويغۇنۇپ قالىدۇ. سەرۋانت
سليۋىنسكو: «سوۋەت ئارمىيەسىنىڭ ۋەكىلى بول-
غان مەن بۇ نادان، جاھىل ئادەملەرنى ھەقىقى تۇر-
مۇش يولىغا ئەلىپ چىقىشىم، ئۇلارنىڭ ئەڭىنى ئوي-
غۇتۇشۇم كەرەك» دىگەن پىكىرگە كەلىدۇ.

سوۋەت ئارمىيەسىنىڭ ئودېر دەرياسى قىرغاقلى-
رىدا ئوتكەزگەن باھارى كازاكوۋىچنىڭ رومانىدا
كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىكى ئاددى كىشىلەرنى
يەڭگى تۇرمۇشقا ئويغۇتۇش باھارىغا ئايلىنىپ كەتىدۇ.

سوۋەت ئەدىبىياتىنىڭ كلاسسىكلىرىدىن بىرى -
ئافادىيەۋ 1943 يىلى 25 - ئاۋغۇستتا ۋراتسلاۋل
شەھرىدە ئوتكۇزۇلگەن پۈتۈن دۇنيا مەدىنىيەت ئەرباپ-
لىرىنىڭ كونگرىسىدا:

«ئىنسانلارنىڭ تەغدىرى ئىنسانلارنىڭ ئوزىگە
باغلىقدۇر» دىگەن ئەدى. سوۋەت ئەدەبىياتى كىتاپ
ئوقۇغۇچىلارغا ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ئىككى خىل
دۇنيا، ئىككى خىل سەستىما، ئىككى خىل مەپكۇرىنىڭ
توقۇنۇشىدىن ئۇزاق ۋاقىتقىچە مۇستەھكەم تىنچلىق
ئورنۇتۇش ئۇچۇن كۈرەشتىن ئىبارەت بولغىنىنى ئو-
چۇق قىلىپ، چۇشەندۇرۇپ بەرىدۇ.

ئەمىليا ئېرەنبورگنىڭ «بوران» دىگەن ئەڭ ياخشى
رومانىغا سوۋەت خەلقىنىڭ ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى
ۋاقتىدا ئورۇنلىغان ئازاتلىق ۋەزىپەسى ئاساس
قىلىپ ئەلىنغان.

«بوران» رومانىنىڭ ئاساسى ماۋزۇئى - چوڭ تا-
رىخى ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. پۈتۈن دۇن-
يادا بوران كوتۇرۇلۇدى، ئەنە شۇ بوران ھەچكىمنى
تىنىچ قالدۇرماي، ھەممىنى ئوز قاينىمىغا تارتىدۇ.

ئېرەنبورگ ئوزىنىڭ رومانىدا ئىككى دۇنيانىڭ،
ئىككى خىل دۇنيا قارىشىنىڭ كورۇشىنى، دەموكراتىيا
ۋە سوتسىيالىزم ئۇچۇن كورەشكۇچىلەرنىڭ رىئاكسىيە
ۋە جەبىر - زۇلۇم تەرەپدارلىرى بىلەن توقۇنۇشىنى
تەسۋىرلەيدۇ.

«بوران» رومانىدا، ئۇرۇش ۋاقتىدا (خۇسۇسەن
ئۇرۇشتىن كەيىن) ئىككى يۈز لىمىچىلىك سىياسىتىنى
ئەلىپ بەرىپ، دەموكراتىيا ئۇچۇن كورەشكە يول قوي-
مايدىغان، فاشىزمنىڭ ئۇزۇل - كەسىل يەڭىلىشىنى خاھ-
لىمايدىغان بورژۇئاز ھوكۇمەتلەرنىڭ ھەقىقى يۈزى
پاش قىلىنىپ، ئەجىب تاشلىنىدۇ.

ئاكا - ئۇكا تورلار ۋەل. شەينىنىڭ «ۋىلايەت
گوبېرناتورى» دىگەن پىيەسسىسىدە گەرمانىيانى دەموك-
راتلاشتۇرۇش ساھەسىدە قىلىنغان دەسلەپكى چارە-
لار كورسۇتۇلۇدۇ. سوۋەت ئارمىيەسى تەرىپىدىن يەڭ-
گىدىنلا ئىشغال قىلىنغان نەيىس شەھەرىگە كومىندانت
قىلىپ بەلگۇلەنگەن سوۋەت ئوفىتسەرى كوزمىن بىرىنچى
كۈندىن باشلاپلا ئاھالى ئوتتۇرۇسىدا تىنىچ تۇرمۇش
تەشكىل قىلىشقا كىرىشىدۇ.

ئامەرىكا قوشۇنلىرى ئىشغال قىلغان خوشنا شە-
ھەرگە خۇددى شۇنداق كومىندانت - «ۋىلايەت گوبېر-
ناتورى» قىلىپ ئامەرىكىلىق ئوفىتسەر جىمىس گىلىل
بەلگۇلىنىدۇ. جىمىس گىلىل چىن كوڭلىدىن سوۋەت
ئارمىيەسىنى ھورمەت قىلىدۇ، ئۇ، پولكوۋنىك كوز-
مىن بىلەن سەمىمى دوستلۇق ئالاقىسىنى ئورنۇتۇشنى
خالايدۇ، ئوز ھوكۇمىتىنىڭ ئىمپىرىيالىستىك سىياسە-
تىدىن ئانچىلا خەۋەردار بولمىغان جىمىس گىلىل ئاخى-
رى، ئامەرىكا قوشماشتاتلىرى ھوكۇمىتىنىڭ سوۋەت زو-
نىسىغا جاسۇسلار، بۇزغۇنچىلار ئەۋەتكەنىنى بايقاپ
قالىدۇ. جىمىس گىلىل بۇنىڭغا قارشى چارىلار كورمەك-
چى بولۇدۇ، لەكىن بۇنىڭ نەتىجىسى شۇنىڭ بىلەن ئامام
بولۇدىكى، ئامەرىكا قوشماشتاتلىرى ھوكۇمىتى ئۇنى
ئىشتىن ئەلىپ تاشلايدۇ ۋە ھەربى خىزمەتتىن بوشۇتۇدۇ...

يازغۇچى ك. سىمونوۋ ئوزىنىڭ «جەڭ قىلغۇچى
جۇڭگو» سەرلەۋھىسى بىلەن بەسىلىپ چىققان ئوچېر-
كلىرىدا يەڭگى جۇڭگونىڭ قانداق قىلىپ يارىتىل-
غىنىنى ۋە قۇرۇلغىنىنى تەسۋىرلەپ بەرىدۇ. ك. سى-
مونوۋ ئوزىنىڭ بۇ ئوچېركلىرىدا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئا-
زاتلىق ئارمىيەسىنىڭ ئوز ۋەتىنىنى ئازات قىلىش ئۇ-
چۇن ئەلىپ بارغان كورۇشىدە كورسەتكەن قەھرىمان-
لىقلىرىنى بايان قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايدۇ.
سوۋەت يازغۇچىسى، سوۋەت ھەربى مۇخبىرى ئۇرۇش-
تىن كەيىنكى تىنىچ جۇڭگو قىياپىتىنىمۇ كورەلىگەن
ۋە جۇڭگودا، ئازات قىلىنغان رايونلاردا كەلىپ چىق-
قىۋاتقان ھەر بىر يەڭگى ئوزگورۇشكە چىن كوڭلىدىن
خوشال بولۇپ قارايدۇ. ك. سىمونوۋنىڭ ئوچېركلى-
رىدا بىز تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇيمىز:

«ئارمىيە ئۇنكىن كوپەيگە يەقىنلىشىپ كەلا-
ۋەتەتتە. ئۇيەردە تاغلاردىكى يالغۇز ئاياق يوللاردىن
زەمبىرەكلەرنى قولدا كوتۇرۇپ بارماقتا. ئازات قى-
لىنىۋاتقان مانا شۇ تاخىرقى ۋىلايىتىنىڭ يەرىدە ھا-

www.azizisa.org

زىرمۇ جەڭچىلەر ھالاك بولماقتا. بۇ جەڭچىلەر، بۇ-
تۈگەندىن ئەۋۋەل ئونلاپ، يۈزلەپ باشقا شەھەر ۋىلا -
يەتلەرنى ئازات قىلغان ئىدى...... بۇ يەردە، تونكىن
كورپەزىنىڭ قىرغىقىدا جۇڭگونىڭ يەنە بىر ۋىلايىتى
ئازات قىلىنماقتا، ئادەملەر نەپەسىنى راسلىماقتا، ئوي-
لەر، يوللار، دەريالار ئازات قىلىنماقتا، جۇڭگونىڭ
يەنە بىر ۋىلايىتىدە ئادەملەر كەلگۈسى توغرىسىدا
خىيال قىلماقتا؛ خىيال قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئەنە
شۇ پارلاق كەلگۈسىنى سەزمەكتە. بۇ نەرسە چوڭ يول-
نىڭ بويىدىكى يېزىلاردىمۇ، تونۇگۈنلا قاپىغى سە-
لىنغان، كۆكۈلسىز، بۈگۈن خوشال - خورام شەھەرلەر-
دىمۇ، روشەن سەزىلمەكتە ...

بىز خەينەن شەھىرىگە كىرىپ كەلدۇق .
بۇ شەھەرنى ھازىر تونۇپ بولمايدۇ .
قاتتىق يامغۇر يېغىشىغا قارىماي، شەھەر كوچىلىرى
ئادەمگە لىق تولۇپ كەتكەنتۇ. بۇنۇڭغا ھەيران بولمى-
سىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن بىر ئاي ئەۋۋەل شە-
ھەردە بارى- يوقى توقسان مىڭ كىشى ياشاتتى، ھازىر بولسا
شەھەر ئاھالىسى 180 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنتۇ.
ئەتراپىڭدا خوشاللىق، راھەتنى كور گىنىڭدە ئۆزەڭ
مۇ خوشال بولۇسەن!»

ھەقىقەتتە سوۋېت كىشىسى ھەممە خەلقلەرنىڭ بەخىت
لىك خوشال-خورام ياشاشلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگە
نىدە، مۇچە كىسىز خوشال بولىدۇ!

پۈتۈن دۇنيادا تىنچلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن كۈرەشكۈچى قىلىپ ئۇلۇغ ستالىن تەربىيىدىن
تەربىيەلەنگەن سوۋېت يازغۇچىسى بۇ ئۇلۇغ ئۇز گۈرۈش-
لەرنى كورۇپ تەسۋىرلىگىنىدە چەكسىز خوشال بولىدۇ.
تىنچلىقنىڭ ستالىنچە سولداتى بولۇشتىنمۇ بەخىرلىك
ئىش بارمۇ ئاخىر !

شۇنۇڭ ئۈچۈن سوۋېت ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان
ئۇلۇغ گوركىينىڭ تۆۋەندىكى سوزلىرى بۈگۈن خۇسۇ-
سەن چوڭ كۈچ بىلەن جارا ئلىماقتا.

«ياشىسۇن داھىلىرىمىزنىڭ، پۈتۈن دۇنيادا ئەڭ
بىرىنچى ۋە مەرت داھىلىرىمىزنىڭ ئاددى، روشەن دا-
نالىغى! بۇ داھىلىرىمىز مانجۇلارنى، ھەبەشلەرنى،
خەنسۇلارنى، ھىندىيلارنى قۇل قىلىش ئۈچۈن ھەپتا-
چان ئوز خەلقلىرىنى ئۇرۇشقا ئەۋەتمەيدۇ.
ياشىسۇن، باتۇر زۇرەك ۋە ئەقىل - پاراسەت ئې
گىسى ئىئوسىف ستالىن!».

(«شەرق ھەقىقىتى» ژورنىلىنىڭ 8- سانىدىن).

# ستالىنغا بېغىشلاپ

ت : ئالماس

مۇبارەك 71 ياشقا تولغۇنۇڭ،
تارىخنىڭ بەختىلەر ئومور كور گۈنۇڭ،

چارىزم قوش زىندان نامىنى ئېلىپ،
تۈرمىلەر كەپەنسىز گەۋدىگە تولۇپ،
ئالەمنى دەھشەتلىك كۆنلەر باستاندا،
يوقسۇلنى كاپىتال دارغا ئاسقاندا،

تۇغۇلدۇڭ نۇر بولۇپ گورى شەھرىدىن،
تۇغۇلدى ھەم ئۈمىت ئەركىنىڭ مېھرىدىن،

ئەسىرگە كەلگەندە توغرى يول تېپىپ،
ئازاتلىق چىرىغىن سەن ئۆزەڭ يېقىپ،
لېنىنگە ئەگەشتىڭ قىلىپ قەدەم - يات،
دېمىدىڭ دەھشەتتىن بىرقېتىم ۋاي - دات.

زىندانلار، مۇزلۇقلار بىلەن سىرداشتىڭ،
ۋاقتىنچە شەپقەتلىك ئەلدىن خوشلاشتىڭ.

قايتمىدىڭ يولۇڭدىن ئالغا چامدىدىڭ،
ئوك - سولغا ئاغمىدىڭ زادى يانمىدىڭ.

سەن باشلاپ زور گەنلەر گاگدەك بولشىۋىك،
ئالدىدا يەڭىلدى خائىن مېنشىۋىك.

ئوكتيابىر تەڭگىنىڭ داڭلىق ئەلچىسى،
سەن ئىدىڭ لېنىننىڭ سادىق سەپدىشى.

ئاغدۇردۇڭ زۇلۇمنى قىلىپ ئىنقىلاپ،
يوقسۇلغا ئازاتلىق دېدىڭ ۋاقىراپ.

گۈللەتتىڭ ئىنسانىنىڭ جەننەت بېغىنى،
گۈل قىلىپ گىياسىز دەشتلەر نەينى.

www.azizisa.org



«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى 1951 - يىلى 4 -5 سان. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورى www.azizisa.org

بەختىيگىغا ھو... قوشلار كىرىپ باقسىمۇ،
شۇم - بويا تورۇغىن تەرىپ باقسىمۇ.
ھەممىسىن ۋاقتىدا زولۇپ تاشلىدىك،
ئەلىكنى بەختىيار يولغا باشلىدىك.

★

ئوت يەنىپ فاشىزم ئوچۇغىدا دۇت
دۇنيانى باسماقچى بولۇپ قارا جۇت.

رەيخستاگ كوتەردى قان ئىچكوچ بايرق،
شۇم گەتلېر دوز كىيىەن سوزلىدى ۋالاق.

- دۇنيا قول بىز خوجا ئەرقىمىز گەرمان،
- دەپ جولۇپ دۇنيانى قىلدى ئەۋ مالمان.

ئەجەلنىڭ قوشلىرى ئۇچتى چىقىراپ،
ئاقتى قان دولقۇنلاپ، قايناپ شاقىراپ.

ياۋروپا قول بولدى، توتۇن ھەر ئادەم،
كىشىلىك كوڭلىنى باستى غەم - ماتەم.

كۆزە گەلەپ قان ئىچكەن جاللات بورىلەر،
باسمىچى ھايسىز ۋەھشى ئوغرىلار،

شەرققە يول سالدى قوللۇق يولىدىن،
مەس بولۇپ قان ئىچىپ گەتلېر قولىدىن.

دۇنياغا خەۋپ چۈشتى، چۈچىدى ھايات،
ئويغاندى ھەم ھورلۇك دىگەن ئادەمزات.

سەن باشلاپ زور گەن ئەل ماگدى مەيدانغا،
ۋەتەن دەپ جەنىنى ئەلىپ ئالقانغا.

ئوروشلار تارىخى كورمىگەن ئوروش...
ۋولگىنىڭ يەنىدا قانتىق توقۇنۇش...

خەتەرلىك باسقاندا تەۋرىمەي توردۇك،
فاشىستلار يولىغا توزاقلار قوردۇك.

ماختانچاق تاكتىكىلار چوشتى تورۇغا،
ھەچ زەربە بەرەلمەي سىنىڭ روھىگا.

پائولىيست 1) توتولدى، گەتلېرنىڭ بىلى -
- قانلاندى ئەگىلىپ، گاچىلاپ تىلى.

قان كەچىپ ئالىلىرىڭ غەربكە تىز زوردى،
توتوقنىڭ ئەگىنى بەرلىندا كوردى،

رەيخستاگ ئوستىدە قىپ - قىزىل بايراق،
كىيودى ئەۋ، گوريگە گەتلېر ماختانچاق

ئازات ھەنگولوك - ھەنگولوك كولدى،
دۇشمەنلەر قان زوتى گويا كى ئەۋلدى.
شوھرىتىڭ دۇنياغا يانا ياگىرىدى،
ئورالنىڭ بولبولى ئەرىكتە سايرىدى.

غەربتە ھەم شەرقتە ھەم خوشناك كوپەيدى،
كاپىتال غالجىسى شۇڭا ھەۋپەيدى.

شۇڭلاشقا شەرقتە توكسەۋ ئەۋ قان،
بەرىبىر ئاق ئوردا تالاشماقتا جان.
ساقلايمىز تىنچلىق ياد ئەتىپ نامىڭ،
ھەر دائىم ئوستۇندور سەنىڭ ئىلھامىڭ.

ئەرومىن گەتلېرنىڭ ئولۇم كولەڭگىسى،
چەرچىللەردور لەنلوننىڭ نىمجان تولكىسى.

ئاق ئوردا ئەقدىرى رەيخستاگقا دوس،
قۇدرەتلىك ئەي خوشنام مېھرىبانىم روس.

بىزدىمو ئاك ئەتىپ كەتتى قارا ئەۋن،
ئاچچىمىز - باغرىمىز ئولۇغ ماۋ زەدوڭ.

بىتىمىز، كوروندى گۇلزار بەيلېرى،
سەن بىلەن ئەينايمىز بەخىت ئويلېرى.

مىڭ ياشا ستالىن قەيياشىدەك ياشا!
يوقسۇلغا جەننىتىڭ ھەجەپ كەڭتاشا.

---

1) - پائولىيست - 1943 - يىلى فەۋرالدا ستالىنـ
گراد بوسۇغۇسىدا 300 مىڭ ئەسكەر
بىلەن ئەسىر چۈشكەن گەتلېرنىڭ
قوماندانى.

www.azizisa.org

سافيك

# چاقماق چىقىپ يامغۇر ياققان بىر كېچىدە

## ( ھېكايە )

— 1 —

تېپ - تىنىچ ئىيۇن ئېيى، ھاۋا ناھايىتى تىنجىق ئەدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن خۇددى قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك ھاۋانى قاپقارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتتى. ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماقلار چاقتى. خۇددى قاتتىق يامغۇر ياغىدىغاندەكلا ئەدى.

ئاۋۇجا فۇدىكى خوتۇن - قىزلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى ئەمدىگىنە مەجلىسنى تۈگىتىپ، بىر توپ خوتۇن - قىزلار يېزا ئىدارىسىدىن چىقىشىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىۋاتتى. تيەن چياۋشىننىڭ ئۆيى يېزىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بولۇپ، ئۇ، ئۆزى يالغۇز ئەنسىرەپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ - دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ كاتىۋى جاۋجىك جۇڭنىڭ خوتۇنى بولۇپ يېشى يىگىرمىلەردە بار، خۇددى قاتتىق شامال چىقسا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئورۇق. ئاندىن ئاپپاق، رەڭگى - روھى سۇزۇك بىر خوتۇن ئەدى؛ لېكىن ئۇ ھەر نەرسىگە چىدامىلىق، چېچەن، قولى ئەپچىل ئەدى، رەخ توقۇشقا ھېچ گەپ سىغمايدۇ، خايى خامانغا، خايى مىتىڭلارغا بارسىمۇ بەك ئەتراپلىق ئىشلەيتتى، كىشىلەرگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلاتتى. كىشىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ ئەدىپلىق قىلاتتى، قېينى ئانىسى بىلەن ئوبدان چىقىشاتتى، ئېرىمۇ ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئەدى.

گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى بولسا بىر كۈچىيىپ، بىر پەسىيىپ، چاقماقلار چىقىپ يەر - جاھان بىردەم يورۇپ بىر قاراڭغۇلىشىپ تۇراتتى. تيەن چياۋشىن ئەمدى نياڭ - نياڭ مياۋنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە ئەنسىرەپ قالدى: ياپونلار ئىشغال قىلىپ تۇرغان دەۋرىدە بۇ يەردە دائىم ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپ تۇرغاچقا كېسىلگەن باشلار ۋە ئاق ئۇستىخانلار يەرنى قاپلاپ تۇرىدىغان ئەدى، ئۆتكەن يىلى سېنتەبىردە 8 - ئارمىيە ئازات قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىغىشتۇرۇلۇپ كۆمۈلگەن ئەدى. تيەن چياۋشىن بۇ نەرسىلەرنى يادىغا ئېلىپ ئىختىيارسىز قورقۇنۇشقا چۈشتى. قەدىمىنى تېزلىتىپ كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىزلا كەينىدىن «دۆك - دۆك» قىلغان ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى؛ ئۇ كەينىگە قارىشىغىلا، چاقماق چىقىپ ئۇنىڭ يورۇقىدا بىر چوڭ، بىر كىچىك كىشىنى كۆرۈپ قالدى. تيەن چياۋشىن قورققىنىدىن ۋاقىرىۋېتىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى، ئۇ بەش - ئالتە قەدەم يەرگە يېتىپ بارماي تۇرۇپلا، كەينىدىن كېلىۋاتقان ئىككى كىشى قوغلاپ يېتىپ، ئالمان - تالمان ئۇنىڭ بېشىنى تاغار بىلەن بوغۇپ ئالدى، تيەن چياۋشىن قورققىنىدىن دەرمانى كەتتى. بەدەنلىرىنى تىترەك بېسىپ بېشىدىن سوغاق تەرلەر چىقىشقا باشلىدى، ھېلىقى ئىككى كىشى بىر تەرەپ بىلەن ئۇنى قولتۇقلاپ ئەپ ماڭدى، تيەن چياۋشىن بىر ۋاقىت بىردەم ئۆي، بىردەم دۆك بىلەن كېتىپ بارغانلىقىنى، بىردەم خىش پارچىلىرىنى ۋە بىردەم قالايمىقان ئوت - چۆپ، بوش تۇپراقلارنى دەسسەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى ۋە بىر قانچە ۋاقىت ماڭغاندىن كېيىن ئۇنى تۇيۇقسىزلا توختاتتى ۋە ئۇ، شۇنداق ئىنچىكە ئاۋازنى ئاڭلىدى:

قورقما، بۈگۈن كەچقۇرۇن قايتىپ بېرىپ ئېرىڭنى ئۆلتۈرىسەن، كېيىن تۈگىمەس بەخت ۋە تۈگىمەس بايلىققا ئىگە بولىسەن، ئەگەر بۇنى ئاغزىڭدىن چىقىرىپ قويساڭ، ئەتىلىككە جېنىڭدىن ئايرىلىسەن، پىچاق ئاستىدا ئۆلىسەن!

بۇ تاۋۇش ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇددى قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىشىدەك ئاڭلىناتتى. سۆز تۈگىگەندىن كېيىن ھېلىقىلار بىر نەرسە بولانغان قەغەزنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

بۇ بىر بولاق زەھەر؛ يادىڭدا تۇت! بۈگۈن كەچقۇرۇن زەھەرلەپ ئۆلتۈرىسەن، ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، بىر كۈنمۇ كۈن كۆرىمەن دەپ ئويلىمىغىن - دەپ بىر مۇنچە سۆزلەرنى ئېيتتى.

بۇ چاغدا يامغۇرمۇ ياغدى. گۈلدۈرماما خۇددى ئاسمان ئۆرۈلۈپ يەرگە كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك گۈلدۈرلىگىلى تۇردى. بىردەمدىن كېيىن، بىر ئادەم توختىماستىن سۆزلىگىلى تۇردى، تيەن چياۋشىن تىترىگەن ھالدا، بېشىغا يۆگىگەن لاتىنى يېشىپ تاشلاش بىلەنلا

www.azizisa.org

هەلىقى ئېگىزكى ئادەم كوزدىن غايىپ بولدى، ئۇ چاقماقنىڭ يورىغىدا ئوزىنىڭ ئاۋۋالقى نىياك-نىياك مياۋ دىگەن يەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرغانلىغىنى كوردى ۋە ئارقىنىدىن ماغدىرسىزلىنىپ ئۆرە تۇرۇشقىمۇ ماجالى قالمىدى. لەكىن شۇنداق بولسىمۇ ئەقلىنى يوقاتمىدى. بىردەم ئولتۇرۇپ ئالغاندىن كەيىن، ئۇ جەمنىنىڭ بەرىچە ئومىلەپ مەڭىشقا باشلىدى.

يامغۇر خۇددى ئاسماندىن سۇ قۇيۇلغاندەك تەختىمۇ قاتتىق يەغىپ كەتتى.

— 2 —

دېخانلار جەمئىيىتىنىڭ كاتىۋى جاۋ جيڭ جۈي، قارا چىراق يەنىدا تاماكىسىنى چەكىپ، خوتۇنىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. تاماكىنى كەينى-كەينىدىن چەكىپ خوتۇنىنى ئوزۇن ۋاقىتقىچە كۈتتى، لەكىن ئۇ قايتىپ كەلمىدى. ئۇنۇڭ ئانىسىمۇ ئەنسىرەپ:

جاۋ جيڭ جۈي، سەن چىقىپ قاراپ باقىنا، ئۇنۇڭغا نەمە بولدىكىن، ئەغىر ئاياق ئادەم قاتتىق يامغۇردا تەيىلىپ كەتىپ يەنە بالىسىغا زىيان يەتىپ قالمىغاي. ئەگەر قايتىپ كەلمەلمىسە، كىچىك ئاپلاگىنىڭ ئۆيىدە يەتىپ قالسۇن، — دىدى.

— جاۋجيڭ جۈي هەنەراس دەپ كانىدىن سەكرەپ چۈشتى ۋە بىر ئاغارنى يەپىنچا قىلاپ قولىغا گۇرجىگىنى ئوتۇپ ئەمدىگىنە ئاشقىرىغا چىقاي دەپ تۇرغىنىدا، تيەن جياۋشين ئېشىكنى ئەچىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنۇڭ ئۇستى بەشى پاتناقتا بولغانىغان، ئۇچىسىدىن سۇ ئەقىپ تۇراتتى. چاشلىرى چۇۋۇلۇپ يۈزىگە چاپلانغان، چىرايى خۇددى سۈت قەغەزگە ئوخشاش ئاقىرىپ كەتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك باسقان ئەدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا ئوزىنى كاڭغا تاشلىدى، كىيىملىرىدىن ئوكۇلگەن سۇلار كاڭدىكى كىگىزلەرنىمۇ هول قىلىۋەتتى.

كەلىنىنى بونداق ئەهۋالدا كورگەن قەينى ئانا، چۈچۈپ كەتتى ۋە ئاچچىغلىنىپ:

— ئەي بالام، مۇشۇنداق قاتتىق يامغۇردا قانداق يەنىپ كەلدىڭ؟ قارىغىنا، نەميلەرچە بولۇپ كەتىپسەن! يامغۇر ياققىنىنى كورگەندىن كەيىن كىچىك ئاپاگىلارنىكىگە بارساڭ بولماسمىدى! بۇنداق ... ئە ...، — دەپ تۇرۇپ ئۇنۇڭ كىيىملىرىنى يەڭگۇشلىدى، ئىچىشكە قايناق سۇ بەردى، جاۋجيڭ جۈيمۇ ئالدىراپ — تەنەپ ئوفۇڭ ئىشىغا ياردەملەشتى.

تيەن چاۋشين كيىمىنى يەڭگۇشلەپ بولۇپ كاڭدا يەتىپ ھەڭگرەك ئىمىتىپ ۋىغلاشقا باشلىدى، قەينى ئانىسى هەيران بولۇپ، پاي-پوتەك بولۇپ كەتتى.

— ۋەي، سىڭغۇڭ ئاغرىۋاتامدۇيە؟ — دەپ سورىدى. بىردەمدىن كەيىن ئۇ يەنە ئوزىدىن-ئوزىگە سوزلەپ:

— ئە تىما لىيم جين شەيتان تىگىپ قالسا كەرەك، قەغەز كويدۇرۇپ هايدىۋەتسەك بولغىدەك! — دىدى. بۇنى ئاڭلىغان تيەن چاۋشين بەشىنى چايقاپ قويدى، ئۇ بولسا، تەخى ۋىغلاشتىن باشقىنى بىلمەيتتى.

— سا ئازادى نەمە بولدى «ئالدىمغا چىقمىدى» دەپ مەندىن ئاغرىنىدىڭمۇيە؟ ئەيتسا گىچۇ! — دەپ جاۋجيڭ جۈيمۇ سوزلەپ كەتتى. لەكىن تيەن چاۋشين لام-جىممۇ دىمىدى، بىر پەستىن كەيىن ئوزىنى ۋىغىدىن ئاران توختۇتۇپ مەن سەندىن ئايرىلىمەن، ئەتە ئەتىگەنلىككە ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتىمەن — دىدى. كەلىنىنىڭ «ئايرىلىمەن» دىگەن سوزىنى ئوشتۇمتۇت ئاڭلىغان قەينى ئانىسى خۇددى بىر كىم چوماق بىلەن بەشىغا ئۇرغاندەك بولۇپ، ئوچاق بەشىدا ئولتۇرۇپ قالدى ۋە كوڭلى ئاغرىپ:

— مۇشۇ گەپ سىنىڭ ئاغزىڭدىن چىقتىمۇ؟! سىنىڭ بۇنداق دىيىشىڭ ئوخلاپ چوشۇمگىمۇ كىرمەپتتى. مەن بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىنىڭدىن بىرى مەن سىنى ئوز قىزىمدەك كورۇپ كەلدىم، ئوزەڭمۇ بىلىسەن، سىنى ئۇرۇپمۇ باقمىدۇق، تىللاپمۇ باقمىدۇق، بىزنى خەق كەمبەغەل دىسىمۇ، ئۇستى-بەشىڭنى يالاڭغاچ قويمىدۇق، تاماقسىز ئاچ قالدۇرمىدۇق، بەشىڭنى تىك كوتۇرۇپ ياخشى بىر ئويلۇنۇپ باققىن، بۇ ئوزەڭ ئۈچۈن ياخشىمۇ؟

جاۋجيڭ جۈي بىر تەرەپتىن بەسرەمجان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئاچچىغلىنىپ:

سىنىڭ بۇ سوزۈڭدىن مەقسىدىڭ نەمە؟ بۇرۇن بىر ئەغىز ئۇرۇشمىمىزمۇ يوق، بىر غەرىچ يەرىمىزمۇ يوق كەمبەغەل ۋاختىمىزدا سەن ناھايىتى ئوبدان ئوي بولۇپ كەلگەن ئەمدىڭ، ئەمدى تەخى قەددىمىزنى كوتۇرۇپ، ئوي سېتىپ ئالدۇق، يەرگە ئىگە بولدۇق، قارىماسەن تۇرمۇشىمىز كۈندىن كۈنگە ياخشى بولۇپ كەتىپ بارىدۇ، بۇنداق تۇرۇپ سەن ئوبدان ئوينى بۇزماقچى بولىسەن، مەن سىنىڭ ئويىڭنى ھەقىقەتەن بىلەلمىدىم. يا مەندىن بىرەر كامچىلىق ئوتتىمۇ ئوزەڭگە ئەيتقىن. هازىر خەلقچىلىقنى سوزلەيدىغان ۋاقىت، كوپچىلىك مۇزاكىرىلىشىپ باقمايمىزمۇ! ئەگەر مەنى يار ئەتمىغان بولساڭ ئىختىيار ئوزەڭدە، ئوزەڭگە لايىق تاپساڭ؟ بونىمۇ ئوچوق ئەيتىۋەتكىن.

www.azizisa.org

يۇسوزلەر تيەن چاۋشيننيڭ ۋۇرۇگينى خەنجەر بيلەن تيلىغاندەك بولدى. ئەۋ ئيرىدىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىگينى قەيىنسى ئانىسى-بىنسىگەمۇ ياخشى قەينى ئانا ئىكەنلىگينى بيليدۇ، «ئەر يەدين تاج رايمەن» ديگينى ئۇنۇڭ ئيلاجيسيز ليقتين ئايتقان ئامالى ئەدى. ئۇ ئەريدنى ئولتۇرۇشكە جيدالسايدۇ. لەكيىن ھەليقى ئيككى ئادەمدينمۇ قورقۇدۇ. شۇنۇڭ ئۇچۇن ئۇ بير ئامالنى قايتيپ كەليۋاتقينيديلا ئويلاپ قويغان ئەدى. ھازير ئۇنى ئەيتيپ قويدى. ئۆزينيڭمۇ ديلى ئاغريدى. يىغلىدى. يىغلىغانسىرى يىغلىغيسى كەلىپ ھەتتا بەشيديكى ياستۇقنيمۇ ھول قىلىۋەتتى. بىردەم ئۆميلەپ قويۇدۇ. بيردەم يەتيۋاليدۇ بير قەيىنى ئانيسى-غا قارايدۇ، بير ئەريگە قارايدۇ. ئۆزينيڭ دەت-ئەھ-ۋالينى يۇتۇنلەي ئوكەگچى بولۇدۇ. لەكيىن سوزى بو-غۇزيغا كەلىپيلا قايتيپ كەتيدۇ. ناھايىتى ئارانلا: «مەن بۇنى جاۋ ئانيليسىنى دەپ قىلدىمغۇ، مەندە ئاقەت قال-ميدى! ......... ئۇنداق بولميغاندا مەن بۇ يەرىدين كوچۇپ كەتيمەن» دەپ بير جۇملە سوزنى ئەيتاليدى.

باش - ئاييغى يوق بۇ سوزنى ئاڭليغان جاۋ جيڭجۇي ناھايىتى ئەجەپلەندى. ئەخيمۇ قيستاپ سوراشقا باش-ليدى. ئەينى ئانيسيمۇ ئارىسالدا قالغانلىقتين ئەگەش-كە باشليدى. تيەن چاۋشين بۇ ئەگەشلەر نەتيجيسيدە چارىسيز قەليپ، يولدا كەليۋەتيپ يولۇققان ئيشلارنى ئۇز ئەرينى بيلەن يىغلاپ ئورۇپ ئەيتيپ بەردى.

ئەينى ئانسى ئورقۇپ كەتيپ:

— ئاھ خۇدا!، بۇ قانداق ئيش؟ بۇ قانداق ئادەم-نيڭ يامان نييىتى؟ بۇ • بۇ ............ ئاھ ! ـ ديدى ۋە جاۋ جيڭ جۇيگە ئاچچىغلىنيپ داۋام قيلدى- بۇ يۇتۇنلەي سينيڭ دەمخانلار ئوقۇشيسيغا كاتيپ بولغان-ليغ كەدين كەليپ چيققان! كوپچۇلۇك ئۇچۇن ئيشلەيمەن دەپ باشقىلارنى رەنجيتيپ قويدۇڭ قورۇلغان يوچاقنى ھەممە يسۇن. قازان سۇنسا بيرو ئادەم ئوليسۇن! 5 - ئاينيڭ 2 - كۇنى ئورۇپ خامانغا دوگيلاپ قويغان 5 مولۇق يەرنيڭ بۇغديىغا ئوت ئويۇپ ھەچ نەميسينى قويماي كويدۇرۇۋەتتى بۇۋزۇق كيشيلەر زىيادا داشليق قيليپ تۇرسا بىر قانداق كۇن ئاليمىز!

جاۋ جيڭ جۇي لام - جىم دىماستين شۇنى ئەس-ليدى، مەن 30 ياشقا كىرىپ ھەچ قانداق ئادەم بي-لەن تۇرۇشۇپ باقميديم. ئۇچ ياشار باليمۇ رەنجي-تيپ باققان ئەمەس، پەقەت ئوتكەن يىلى 10 - ئايلار-دا قورچاق يېزا باشلىغى گاۋ بولو ئۇستيدين كۇرەش ئاچقان چاغدىلا، مەن باشچيلىق قىلغان ئەديم.

گاۋ بولونيڭ لەقەمى خوڭ خوجۇ بولۇپ، ئۇ ھەممي-گە مەشھۇر بولغان زومىگەر بوميشىشيك ئەدى. ئۇنۇڭ بۇيى ئەگيز بولۇپ موشلۇشۇشى بەلەتتى.

ئيلگيرى تينيچلىق ساقلاش ئيدارىسىنيڭ شۇن-گۇنى بولغان، ياپونلار كەليش بيلەنلا يەزا باشليغى بولۇۋىلىپ، ياپونغا قارشى بولغان خيزمەتچيلەرنى ئول-تۇرگەن، 8 - ئارمييەجەڭچيلىرينيڭ ئائيليليرىنى دوش-مەنلەرگە كورسىتيپ بەرگەن. دۇشمەننيڭ كۆچيگە تايى-نيپ بەدىلىقلارنى ئەزگەن. خوتۇن-قيزلارغا باسقۇنچۇ-لۇق قىلغان. خەلقنيڭ يەرلىرينى زورلۇق بيلەن تار-تيۋېليپ، ئالدامچىلىق بيلەن بەيىغان نەرسە ئەدى. جاۋ جيڭ جۇينيڭ ئانيسيمۇ ئيجارە ھەققيني تاپشۇرال-ميغانلىقتين خوڭ خوجۇ ئۇنى ئۇييگە 3 كۇن ئاماپ قو-يۇپ ئاچ قويغان ئەدى، جاۋجيڭ جۇينيڭ ئانيسى قا-ماقتين چيقيش بيلەنلا ئاغريپ ئولگەن ئەدى. خوڭخو-جۇ ئۆييدە چوڭ بير قارا ئيشتنى بەقيپ، ئۇنۇڭ بەديني-غا ۋە ئۇچيسيغا ئەسيل زيننەتليك بۇيۇملارنى ئەسيب قويار ئەدى. ئۇ ئيشتقا ھەر قانداق ئادەم يەقين كە-لەلمەيتتى، بير قەتيم، نيۇ ئەرمەننيڭ 4 ياشليق قيزيني خوڭ خوجۇ ئيشتيغا تاليتيپ، ئۇنۇڭ قوسۇغينى يەريپ ئولتۇرۇپ قويغاندا، قارام موجىزليك نيۇ ئەرمەن كۇر-جەك بيلەن ئيشتنى بير ئورۇپلا ئولتۇرۇپ قويغان ئەدى بۇنۇڭ بيلەن چوڭ غاۋغا كەلىپ چىققان ئەدى. خوڭخو-جۇ ھەلقى ئيشتنى مەنيڭ موھاپىزەتچى ئەسكىريم، نيۇ ئەرمەن 8 - ئارمييەنيڭ ئاديمى دەپ ئۇنى ئوتتۇر-مەكچى بولدى ۋە ئارغامچا بيلەن نيۇ ئەرمەننى باغ-لاپ بۇتخانيغا ئەليپ بەريپ ئيشتنيڭ جەسەتيدە سەنيڭ جە-سيڭنى ئالماي قويمايمەن ديدى. كيين نيۇ ئەرمەننيڭ داديسى يارا تۇرۇپ قويۇشقا باشقا ئادەملەردين تەلەپ قىليشى نەتيجيسيدە نيۇ ئەرمەنگە 5 دادەن بۇغداي جەريمانە قويۇلدى، ئۇنۇڭ ئۇستيگە نيۇ ئەرمەن بىر ساندۇق سە-تيۋېليپ ئيشتنى ئۇنۇڭغا سالدى. داقتۇ - دۇمبالاق چە-لىشقا ئادەم ياللىدى. خوڭ خوجۇ شۇنداق قىلىپ نيۇ-ئەرمەنگە ئاق كييم كييگۇزۇپ ئيشتنيڭ ئولۇگينى نيۇ ئەرمەنلەر جامائەتنيڭ قەبرىستانلىقيغا ئەليپ بەريپ كومگۇزگەن ئەدى. مانا شۇنۇڭ بيلەن ئۇنۇڭ ئيشى ئۇ-گۇگەن بولدى. بۇنداق ئيشلارنى ئەيتيپ ئوگەتكيلي-مۇ بولمايدۇ. پۇتۇن يەزا خەلقينيڭ ئۇنۇڭغا بولغان ئوچمەنلىگى ھەددى ھەسابسيز كوچەيگەن ئەدى.

www.azizisa.org

ئۆتكەن يىلى 10-ئايدا بۇيەرلەر ئازات بولغان-
دىن كېيىن، رايوندىن ئەۋەتىلگەن خىزمەتچىلەر، خەلىق-
نى خائىنلەرگە ۋە زومىگەرلەرگە قارشى قوزغىدى. ئۇ
چاغدا، جاۋجىك جۇي بىلەن نيۇ ئەرمەن ئاكا ئۇلاردىن
بولۇپ، پۈتۈن يېزا خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ پارتىزار-
لىقتا ۋە ئاداملىرى بىلەن پۇل تېپىشقا قارشى كۈ-
رەشنى خوكخوجونىڭ ئۈستىدىن باشلىدى. خوكخوجونىڭ
جىنايەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ
چىشلىرىنى غۇچۇرلاتمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. لېكىن
ئەمدىلا ئازات بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئاگىيەتلىك دەرىجىدە
ئۇ قورقۇپ كۆتۈرۈلمەي بەزى ئەندىشىلەر بولۇپ كەلگەن-
لىكتىن، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش ھەق دادىغا يەتمى-
گەن ئىدى. كۈرەش مەجلىسى ئاچقان چاغدا، كىشى-
لەر مەيدانغا چىقىپ يۈزمۇ-يۈز كۈرەش قىلىشقا پە-
تىنالماي، پەقەت ئارقىسىدىنلا گەپ قىلىشاتتى. ئۇ چاغدا پە-
قەت جاۋجىك جۇي بىلەن نيۇ ئەرمەنلا ئۇنىڭ ئۈستىدىن شى-
كايەت قىلدى.

كۈچلۈك يالغۇز ئۇنارلار تووۋلاپ ئۇلارغا كۈچ
بەردى. ئەھۋالنىڭ يامانلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆر-
گەن خوكخوجو ھال بوشاپ قىلىپ:

— مەن ئوتتۇشتە خاتالاشقان ئىكەنمەن، ھەر قايسىڭ-
لارنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولۇۋاتىمەن. بۈگۈن مېنىڭ
ئۈستۈمدە كۈرەش قىلىشىڭلار مەن ئۈچۈن كۆيۈنگەنلى-
كىڭلار. مەن سىلەرنىڭ پۇل ۋە مال-مۈلكىڭلارنى ئالدىم،
ھەر قايسىڭلارغا چىن كۆڭلۈمدىن تولەپ بېرىپ ئەم-
دى مەن يەڭگى ھاكىمىيەتنىڭ ئاستىدا ئوبدان بىر پۇق-
را بولۇشنى خالايمەن! — دېدى. كىشىلەر دەسلەپ خې-
لى قاتتىق تۇرغان بولسىمۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن كۈرەش بوشاپ قالدى. بۇنىڭ كەينىدىن ھېساپ
ئېلىش ئىشى باشلىنىپ، خوكخوجونىڭ 76 مويەرىنى
زورلۇق بىلەن تارتىپ ئالغانلىقى، 500 دىن ئوشۇق
كۆمۈش تەڭگە، 37 دادەندىن ئوشۇق بۇغداي پارە
يېگەنلىكى مەلۇم بولدى. قەرزىنىڭ بۇنداق كۆپ ھې-
ساپلانغانلىقىنى كۆرگەن خوكخوجو بىردىنلا يەرگە تىز-
لىنىپ خەلىققە باش ئېگىپ: «يۇرتداشلىرىم! مەنى ئۆل-
تۈرۈپ تاشلىساڭلارمۇ مۇنچەلىك پۇل چىقمايدۇ. كۈچۈ-
لۈكنىڭ قولىدىن ھەر قانداق ئىش كېلىدۇ. كۈچلۈك
ئۆتكەن ئىش كەتتى دەپلا قويساڭلا ئوتتۇپ كېتەر ئىدى.
مەن كۈچلۈكنىڭ ئىلتىپاتىنى ئۇنۇتمايمەن — بۇ دۇنيا ئۇ-
نۇتمايمەن» — دەپ يالۋۇرۇپ گويا باشقىلارنىڭ كۆڭ-
لىنى يۇمشاتماقچى بولۇپ يىغلاشقا تۇردى. لېكىن كې-
شىلەر ئۇنىڭغا ئۇنىمىدى. جاۋجىك جۇي: «سەن بىزنى
ئالدىغان چاغدا، نەپسىڭ ئانچىلىك يامان ئىدى؟ ئەم-
دى نېمىنى يېگەن بولساڭ شۇنى ياندۇر! بېرىسىنىمۇ
قالدۇرمايمىز!» — دەپ ۋاقىراپ سۆزلىدى. خوكخو-
جو يەنە بېشىنى يەرگە قاقتۇرۇپ، كۈچلۈككە باش
ئەگدى. يۈرىكىدىن ئاقچان سوئاللىرى بىلەن كۆزلىرىدىن
ئاققان ياشلىرى يۈزىنى قاپلاپ كەتتى. بۇ چاغدا بىر-
نەچچە قېرى كىشى چىقىپ، ئەپلەشتۈرۈشكە تۇرۇندى.
بۇنداق بىر موتەھەممەنىڭ باش ئەككەنلىكىنى كۆرگەن
خەلىقمۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالدى. كېيىن ئۇ-
تۇگەندىن تولۇق ئېلىنمىغان ئاشلىق بىلەن كۈمۈش تەڭ-
گىلىرىنىڭ يېرىمى كەمەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۈرەش
قالايمىقان تۇردە ئاياغلاشقان بولدى.

خوكخوجو ئۆز ئۈستىدە قىلىنغان كۈرەشتىن كېيىن
خۇددى يامانلىقىنى تاشلاپ توغرى يولغا كىرگەندەك
بولۇپ قالدى. كىشىلەرنى كۆرسە ئاغزىنىمۇ ئاچمايدۇ،
كۈلۈپمۇ قويمايدۇ. خۇسۇسەن جاۋجىك جۇي بىلەن نيۇ-
ئەرمەننى كۆرسە، تېخىمۇ ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرۈ-
دىغان بولدى. بەزى ۋاقىتتا يېزىدىكىلەر بىلەن بوش
ۋاقىتلاردا پاراڭ سېلىشقىنىدا: «يەڭگى ھاكىمىيەت ھە-
قىقەتەن مېنى تەربىيەلەپ توغرى يولغا سالدى، بۇن-
دىن كېيىن ئوبدان مېھنەت قىلىپ ئىشلەپ چىقىرىشتا
قاتنىشىمەن» — دەيتتى. بەزىدە سەۋەت كۆتۈرۈپ قىغ
يىغاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يېزىلىقلار، ئۇنىڭ كەينى-
دىن: «ئاۋۇ بولو كۈرەشتىن كېيىن خېلى يۇۋاشلاپ
قاپتۇ!» دېيىشەتتى.

بۇ يىل ئەتىيازدا ئۈشتۈمتۇتلا ئارقىمۇ-ئارقا بىر-
نەچچە ۋەقە پەيدا بولدى: ئەۋۋەل بەزى ئادەملەر
«گومىنداڭنىڭ كونا ئەسكەرلىرى كېلىدىكەن، 8-ئار-
مىيە كېتىدىكەن، ئۇندىن كېيىن دۇنيادا ئون يىل توپو-
لاڭ بولىدىكەن، بۇيەر ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىدىكەن»
دېگەن پىتنە-ئىغۋالارنى تارقىتىپ خەلىقنىڭ كۆڭلى-
نى پاراكەندە قىلدى. ئىشلەپ چىقىرىش ئىشلىرىمۇ بوشا-
شىپ سۇسلىشىپ قالدى. كېيىن رايوندىكى يولداشلار كېلىپ
مەجلىس ئېچىپ، ئۇنداق دەپ، بۇنداق دەپ، ئېككى يا-
كۈن چۈشەندۈرۈشتىن كېيىن ئاندىن بۇ پىتنە-
ئىغۋالار بېسىلىپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، يېزىنىڭ ئارقا
تەرىپىگە ئورنىتىپ قويۇلغان تېلېگراف تۈۋرۈكى-
كېسىپ تاشلاندى، دېخانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋىۋىسكىسى-
بىراۋ تەرىپىدىن تاھارەتخانىغا تاشلاندى. 5-ئايدا
جاۋجىك جۇينىڭ ئەمدىگىنە ئورۇپ كېلىپ خامانغا

www.azizisa.org

...يىغىپ قويغان 5مو يەرىنىڭ بوغدىيىغا، يەرىم كەچىدە ئوت قويۇپ كويدۇرۇۋەتتى. بۇ كۈن كەچە يەنە بۇ ۋاقىئە پەيدا بولدى.

جاۋ جيېك جوۋى بۇ ئىشلارنى ئويلاپ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايلىرى تۇتۇلدى. توساتتىن خوتۇنىغا:

— سەن ئاڭلىغان ئاۋاز كىمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ؟

— ھەلىقى پاكار بويلۇقنىڭ ئاۋازى ئىنچىكە، بىزنىڭ يەزىدىكىلەرگە ئوخشىمايدۇ، ھەلىقى ئىگىز بويلۇق كىشى بىر ئېغىزمۇ سوز قىلمىدى.

جاۋ جيېك جوۋى ھەلىقى تاغارغا ۋە زەھەرگە يەنە بىر قېتىم ئوبدان سەپ — سەلىپ چىقتى: تاغار ئوتتۇشتە ياپونلارنىڭ ئۇن قاچىلىغان تاغىرى ئەدى. زەھەر سارغۇچ پاراشوك ئەدى. ئۇ بىر ۋاقىتلارغىچە قاراپ ئولتۇرۇپ، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ مەيدىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

— بولدى بۇ ھەلىقى خوكخوجۇ دىگەن ئىشتنىڭ ئالىسىنىڭ ئىلغان ئىشى، مەن ئۇنۇڭدىن بۇرۇندىنلا گۇمانلىنىپ ژۈرەتتىم، بۇ يەزىدە ماڭا دۈشمەنلىك قىلىدىغان ئۇنۇڭدىن باشقا ئادەم يوق.

— بالىيرىم بۇ يەزىدە تۇرالمايدىغان بولدۇق. چاپسان كوچۇپ كىتەيلى!— دىدى ئانىسى:

— ئۇ مەنى ئولتۇرەلەمەكچىمىكەن؟ مەن بۇ ئىشنىڭ تىگى — تەكتىگە يەتمەي قويمايمەن؛— دىدى جاۋجيېك جوۋى.

بۇ چاغدا شىپ — شىپ قىلىپ كەلىۋاتقان ئاياق ئاۋۇشنى ئاڭلايدى. ئىشىك ئەچىلدى، بەشىغا تاغار يوگىگەن، قولىغا گۈجەك تۇتقان، ئاياقلىرى لاي بىر يات ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىش بىلەن يوگەنگەن تاغىرىنى ئەلىۋەتتى، بۇ ئەسلىدە خەلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئەترەد باشلىغى نيۇ ئەرمەن ئەدى. نيۇ ئەرمەن يوغان ئاۋاز بىلەن:

— جاۋ جيېك جوۋى ئاكا بىر ئەجايىپ ئىش بولدى، مىنىڭ كالام ئېغىلدا ئوبدان باغلاقلىق تۇراتتى، يامغور تازا يېغىۋاتقان چاغدا، كالام تويۇقسىزلا «مو — مو!» دەپ مورەپ ئوزىنى گۇسولدۇتۇپ تامغا ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئويغىلىپ قالغان ئەدىم، ئالمان — تالمان چىراقنى يېقىپ قارىغىدەك بولسام، كالام ئولۇپ قاپتۇ، قالىقىچ ئۇنۇڭ ھىچبىر يەرى يارىلانمىغان، كىيىن مىنىڭ خوتۇنۇم كالىنىڭ كەينىگە قادىلىپ تۇرغان بىر پىچاقنى تېپىپ ئالدى. مەن بۇ ئىشنى قىلغان كىشىنىڭ ئانىسىنى كوزىگە كورسۇتۇمەن، بۇ زادى شىپىيون بۇزغۇنچىلارنىڭ قىلغان ئىشى!— دىدى.

— سەن كىمدىن گۇمان قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى جاۋ جيېك جوۋى.

— كىم ئىكەنلىگىنى بىلمىمىز، تۇتۇپ ئالسام ئىشت بالىسىنى، توغراپ قيما قىلمىغىچە قويمايمەن!— دىدى نيۇ ئەرمەن.

جاۋ جيېك جوۋمۇ بۇگۈن كەچتە ئوز ئويىدە پەيدا بولغان ۋاقىئەنى باشتىن — ئاياقىچە بىر قۇر ئېيتىپ بەردى، ھەمدە:

— مەن خوكخوجۇدىن گۇمانلىنىمەن، سەن ئۇنۇڭ كورۇنۇشتە ئوبدان بولۇپ كورۇنۇشىگە، بىزنى كورگەندە ئىززەت ئىكرام بىلدۇرۇشىگە قارىما، ئۇ كوڭلىدە بىزگە ناھايىتى ئوچ بولۇشى مۇمكۇن، سەن ئويلاپ كور: مىنىڭ خوتۇنۇمغا ئۇچراشقان ئىگىز بويلۇق كىشى بىر ئېغىزمۇ سوز قىلماپتۇ، ئۇ چوقۇم ئاۋازىدىن تونۇلۇپ قويۇشتىن قورققان؛ پاكار بويلىغى ئۇنۇڭ بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ باشقا يەزىدىن كەلگەن ئادەم، يەنە تىرىك كالىنىڭ كەينىگە پىچاق ئۇرۇش، كۈچى يوق ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. خوكخوجۇ ئوزى مۇشتچى تۇرسا، ئۇ بولماي كىم بولۇدۇ؟

— يۇر ئىشتنىڭ بالىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئەدىۋىنى بەرەيلى!— دەپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى.

— ئۇنداق ھودۇقۇپ كەتكەن بىلەن بولمايدۇ، بىز بۇگۈن كەچە يەزا ئىدارىسىدىن ئەسكەر ئېلىپ ئالدى بىلەن نوپۇس تەكشۇرۇپ بېقىپ كىمنىڭ ئويىدە يات ئادەم بارلىغىنى بىلىپ باقايلى،— دىدى جاۋجيېك جوۋى.

ئانىسى ئالدىرىغان ھالدا: «بالىيرىم، جىددەل تاپمىساڭلارچۇ!» دەپ قالدى.

جاۋجيېك جوۋى ئۇنۇڭغا پەرۋا قىلماستىن، تاغارغا يوگۇنۇپ قولىغا گۇجىگىنى ئېلىپ نيۇ ئەرمەن بىلەن چىقىپ كەتتى.

— 3 —

يامغور توختىماستىن يېغىپ تۇرۇدۇ. گۇلدۇر ماما ئاۋازلىرى توزلۇكسىز گۇلدۇرلەپ تۇرۇدۇ. كوچا ناھايىتى پاتقاق. جاۋجيېك جوۋى بىلەن نيۇ ئەرمەن تېيىلىپ — سۇرۇلۇپ يەزىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بىر يېگىلدىن سالغان قورانىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ خوكخوجۇنىڭ ئويى بولۇپ ئوتكەن ژىل ئەرنىڭ مىراۋ بوتخانىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يەزىدىكى كىشىلەرگە زورلۇق بىلەن خىش — كەسەك توشۇتۇپ ژۇرۇپ سالدۇرغان ئەدى. بۇ ئىككىسى دەرۋازا ئالدىغا كەلىپ، سەرەڭگە چېقىپ قاراپ ياتتاقتا چوشكەن بىر نەچچە كىشىنىڭ

www.azizisa.org

چوڭ-كىچىك ئاياق ئىزلىرىنى كۆردى، دەرۋازا مەھكەم ئېتىكلىك، بۇلار سۇ كىرىدىغان سۇنگۈشتىن قاراپ مېھمانخانىدا چىراغ يېنىپ تۇرغانلىغىنى كۆردى. ئاڭلىسا، ئاڭلانماس ئىككى ئادەمنىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىغى ئاڭلاندى. بىرسى خوڭ خۇجۇنىڭ ئاۋازى ئىدى. يەنە بىرسىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ئىنچىكە ئىدى. جاۋجېڭ جۈينىڭ يۈرىگى سوقۇشقا باشلىدى. نيۇگەرمەن تېزلىك بىلەن يەنە يانار كۆتەرگەن 3 قوراللىق خەلىق ئەسكىرىنى قىچقىرىپ www.azizisa.org پادىز ئەمدىلا دەرۋازىنى بىر نەچچە ئۇرۇشىغا مېھمانخانىدىكى چىراغ دەرھال ئۆچتى، قاندىقتۇر بىر ئاۋازلار ئاڭلاندى. بىر دەمدىن كېيىن خوڭ خۇجۇ چىقىپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— بۇ كىم؟ — دەپ ۋاقىرىدى. نيۇگەرمەن:

— خەلىق ئەسكەرلىرى، كەچىسى تەكشۈرۈشكە چىققان! — دېدى خوڭ خۇجۇ بىر تەرەپتىن دەرۋازىنى ئېچىپ تۇرۇپ بىر تەرەپتىن مۇلايىملىق ۋە يۇمشاق ئاۋاز بىلەن:

— ھە، سىلەر ئىكەنسىلەر! سىلەر ھەممىمىزنىڭ تىنىچ ھاياتى ئۈچۈن ھەقىقەتەن جاپا چېكىۋاتىسىلەر! چاپسان ئۆيگە كىرىڭلار — دەپ قويدى.

خەلىق ئەسكەرلىرى بىردىنلا مېھمانخانىغا بېرىپ قالدى، خوڭ خۇجۇ چىراق ياندۇرۇۋېتىپ:

— مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن، سىلەرنى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىتىپ قويدۇم. ئەپۇ قىلىڭلار! — دېدى.

— نيۇگەرمەن، — ئۆيۈڭدە مېھمان بارمۇ؟ — دېدى.

— خوڭ خۇجۇ، — يوق، مېھمان بولسا، ئالدۇرلامدىم قىلاتتىم، — دەپ ئوچاق ئالدىدىن قوزغالماي سۆزلەپ تۇردى.

جاۋجېڭ جۈي پۈتۈن ئۆيگە بىر سەپ سېلىپ چىقىپ كاڭدا تېزىغلىق تۇرغان ئىككى يېپىنچىنىڭ شۇ بۈگۈن تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ قالدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ، تېخى ئۇخلىمىغانلىغى مەلۇم بولدى، شىرەدە تۇرغان گۆش قالدۇقلىرىدىن ۋە ياغ تامچىلىرىدىن ئۇلارنىڭ يېڭىلا تاماق يەپ بولغانلىغى ئاشكارە بىلىنىپ تۇراتتى. بۇرۇنغا ھاراقنىڭ پۇرىغى كەلدى، جاۋجېڭ جۈي قەستەن:

— ئەپيۇننىڭ پۇرىغى كېلىۋاتىدىغۇ! — دېدى.

— يوق. يەڭگى ھاكىمىيەت ئورنىتىلغاندىن كېيىن ئۇ مەنئى قىلىندى. ئۇ، بولمايدىغان نەرسە. يەڭگى ھاكىمىيەت مېنىمۇ ئۆزگەرتىپ ياخشى ئادەم قىلىپ قويدى، دېدى خوڭ خۇجۇ. بۇنىڭغا جاۋجېڭ جۈي پەرۋا قىلماي ئۇنى نەرى ئىتتىرىۋېتىپ، يېنىپ تۇرغان چىرىغىنى ئېلىپ كاڭنىڭ ئۈچىغا قارىغان ئىدى. ئۇ يەردە ھول ۋە لايغا مىلەنگەن ئىككى جۈپ كەشە ۋە پايپاقنى كۆرۈپ قالدى. جاۋجېڭ جۈي ئۇنى ئېلىپ چىقىپ سورىدى،

— بۇ نەمە؟

خوڭ خۇجۇ ئالدىراشلىق بىلەن: — «ھېلى تاھارەتكە كىرگىنىمدە ھول بولۇپ كەتكەنلىكتىن قۇرۇتقىلى قويغان ئىدىم» — دېدى. جاۋجېڭ جۈي سوغۇققىنا كۈلۈپ:

— ئالتىنچى ئايدا كاڭنىڭ ئۈچىغا ئوت قالانمىسا، ئۇنى قانداق قۇرۇتىسەن؟ — دېدى. خوڭ خۇجۇ بىر سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ سۆزدە تۇتۇلۇپ قالغانلىغىنى بىلدى ۋە چىرايى ئىختىيارسىز ئۆزگەردى. بۇ چاغدا نيۇگەرمەن ئۆزىنى توختىتالماي، قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— ئاختۇرۇڭلار ئۇنى — دېدى، ئەسكەرلەر ھەر كەتكە كىلىشكە باشلىدى. خوڭ خۇجۇمۇ بۇ چاغدا خىجالىتىنى ئاچچىقتا ئورۇپ، قوپال ئاۋازلىرى بىلەن:

— سىلەر نېمەڭلارغا تايىنىپ كىشىنى ئاختۇرماقچى سىلەر، مەندىن قانداق خاتالىق ئۆتۈپتۇ؟ — دېدى ۋە سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالدى. بۇ ۋاقىتتا خەلىق ئەسكەرلىرى ئاختۇرۇپ بىر چوگۈن ھاراق، ئىككى جۈپ چوكا، ئىككى تەخسە گۆش تاپتى. نيۇگەرمەن خوڭ خۇجۇنى تارتىپ ساندۇقنى ئاختۇرماقچى بولغان ئىدى، ئۇ، ئورنىدىن ھەرگىز قوزغالمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى. بىر نەچچە كىشى ئۇنى تارتىپ تۇرغۇزدى. نيۇگەرمەن ئەمدى ساندۇقنى چىقىۋاتقاندا ساندۇقتىن «تاڭ» قىلىپ ئېتىلىپ چىققان بىر پاي ئوقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. نيۇگەرمەن: «ۋاي يەيدىگەن» ئاۋاز بىلەن قولىنى تۇتۇپ يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. بىرنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىغىنى كۆرگەن خوڭ خۇجۇ ئېتىلىپ كەينىگە يېنىپ ئەسكەرلەرنىڭ ميلتىقىنى بۇلاشقا ئۇرۇندى، ئۇ كۈچلۈك، مۇشتى بولغانلىقتىن، ھەتتا بىر ئەسكەر يىقىلىپ چۈشتى. جاۋجېڭ جۈي ئاچچىغى كېلىپ چاپسانلىق بىلەن گۈرجىكىنى كۆتۈرۈپ خوڭ خۇجۇنىڭ ئوڭ ئوتتۇرىغا بىرنى ئۇرغان ئىدى؛ خوڭ خۇجۇ خۇددى چالا بوغۇزلاپ قويغان كالىدەك سەكرەپ كېلىپ جاۋجېڭ جۈيگە ئېتىلدى، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى. قالغان ئەسكەرلەر ئارقا-ئارقىسىدىن ئۇنى ئۇرۇشقا كىرىشتى. خوڭ خۇجۇ ئورۇندۇقلارنى كۆم

www.azizisa.org

ئۆرۈپ قالايمىقان ئۇرۇشقا باشلىدى. نىۋ ئەرمەن ئاغرىقىغا چىداپ ئۆزۈك بىر يۆتىنى تۇتۇپ ئالغان ئەدى، تۇيۇقسىز جۈشتى. ئۇ يەنە جان تالاشماقتا ئەدى. ئەسكەرلەر ئۇنى چەمبەرچەس قىلىپ باغلاپ ئالدى. بۇ چاغدا ساندۇقتىن يەنە ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى، لېكىن بەختىگە يارىشا ھېچ كىمگە تەگمىدى. ئەسكەرلەردىن بىرسى ساندۇققا قارىتىپ ئۈچ پاي ئوق ئاتقان ئەدى، ساندۇق ئىچىدىن ئېڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. جاۋجېڭ جۇي ئالدىراشلىق بىلەن ساندۇقنى ئاچماقچى بولدى. لېكىن ساندۇقنىڭ قۇلۇپى چەت مەملىكەتتە ئىشلەنگەن قۇلۇپ بولغانلىقتىن ھەممىسى بىرلىكتە پالتا بىلەن بوزۇپ ئاچتى، ساندۇقتىن بەشى قانغا بويالغان قولىدا بىر ئاپانچىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان ئۆرۈق ھەم پاكار بىر ئادەمنى تارتىپ چىقاردى. ئەسكەرلەر بۇنىمۇ باغلاپ ئالدى.

بۇلار يەنە بىر مۇنچە ۋاقىت ئاختۇرۇپ كائىنىڭ ئىشۇگىدىن چوڭ بىر بولاق زەھەر، بىر باغلام خارجى پۇل، يەنە بىر پارچە يەنشى سەندىن بەرىلگەن خىزمەتكە بەلگۈلەش قەغىزىنى تېپىپ ئالدى. بۇ قەغەز خوڭخوجۇنى يەزىدىن باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىكىگە تەيىنلەپ بەرىلگەن قەغەز ئەمەن، جاۋجېڭ جۇي قولىنى شىلتەپ:

-«يولداشلار يەزا ئىدارىسىگە بارىمىز، بۇ قەتىم ۋەقەنىڭ تۈپ يىلتىزىنى تاپتۇق». - دېدى.

4

يەرىم كېچىدە بىر پاي ئوق ئاۋازى چىقىپ يەزىدا، جۇجۇش ۋە قالايمىقانچىلىق ئەھۋال يۈز بەردى، تاڭ ئاتار چاغدا يامغۇرمۇ توختىدى. يەزا ئىدارىسىدىن خەۋەر ئاڭلىماقچى بولۇپ كەلگەنلەر، «جاسۇس تۇتۇلدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا، شۇ زامان ئۇنى يۇتۇن يەزىغا يايدى. ئادەم بارغانسېرى كۆپەيدى. يى مياۋيۈەن بۆلىگىسى ئادەم بىلەن لىق تولدى، كىشىلەر جاسۇسلارنى كۆرىمىز دەپ ۋاقىرىشىپ تۇرۇدۇ. خوڭخوجۇ بىلەن ھەلقى ئۆرۈق پاكار كىشى كەلتۈرۈلدى، بۇلار ئاياقلىرى تېترىگەن يۈزلىرىدە قان قالمىغان ھالدا باشلىرىنى سېلىپ تۇردى. جاۋ جېڭ جۇي پەلەمپەيدە تۇرۇپ:

- كېيىش ئېنىقلاندى. بۇ يىل ئەتىيازدا بولغان پىتنە-ئىغۋالار، تېلىگراف تۈۋرۈكىنى كەسىشلەر كە تۈخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلار قىلغان، بۇلار تۈنۈگۈن نىۋ ئەرمەننىڭ كالىسىنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈردى. يەنە مەننىڭ خوتۇنۇمنى مەنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشكە قىستىدى. ئەخى ئەسان كوتۇرۇپ، دېخانلار ئۆيۈشمىسىنىڭ ئەزالىرىنى يوتۇنلەي زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ- دەپ ئوتتى يەنە ھەلقى ئۆرۈق، پاكار كىشىنى كۆرسىتىپ:

- بۇ يەنشى سەن سەيارە خىزمەت ئۆتۈيدىنىڭ جاسۇسى، ئۆيىمىزنىڭ يەزىمىزغا ئالتى - يەتتى قەتىم كەلگەن. ھەممىمىز سەزمەپتىكەنمىز، بىزنىڭ بوزۇقلاردىن ساقلىنىش خىزمىتىمىز ناھايىتى ناچار بولدى! - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئاچچىقلىرىدا ھەر ياڭزا تىللىشىپ: ئىسلاننى ئۆرۈپ ئۆلتۈرمىسەڭ ئىلان ئۆزەڭنى ئۆلتۈرىدۇ!» - دېيىشتى. بەزى ياشلار ئەتىلىپ بېرىپ ئۇرماقچى بولغىنىدا جاۋجېڭ جۇي ئۇلارنى توساپ ئەلىپ: «بۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش يارىمايدۇ، ھوكۇمەتكە تاپشۇرۇپ بېرەيلى! بۇلار چوڭ جىنايەتچىلەر»، - دېدى.

گوتكەن يىلى سالا قىلىشقان ھەلقى بىر نەچچە قېرىلارمۇ: «ھەي! ئىشتىنىڭ باليسىنىڭ كۆگلىدە بۇنەداق زەھەرلىك قەستبارلىغىنى ھەقىقەتەن ئويلىمىغان ئىكەنمىز!» - دېيىشتى.

كۈنمۇ كوتۇرۇلۇپ چىقتى. 4 ئەسكەر خوڭخوجۇ بىلەن ھەلقى ئۆرۈق پاكار ئادەمنى رايون ئىدارىسىگە ئېلىپ كەتتى.

( 1946 - يىلى ئاۋغۇستتا يېزىلغان )

پەيزۇللا رەخمانى تەرجىمىسى

www.azizisa.org

# تىنىچلىق كۈيچىسى پابلونىرودا

چىلى - تىنىچ ئوكيان قىرغىقىدىكى ئۇزۇنسوزۇلغان بىر يەر. بۇ - ئالتە مىللىيون خەلىققە ئېگە بولغان كىچىككىنە بىر مەملىكەت. ئۇنىڭ كوپ قىسمى ھوسۇلسىز تاغلاردىن ئىبارەت. بۇ، تاغلاردا چىلىنىڭ بايلىغى: دالالاردا سىلىترا، تاغلاردا - جەز جايلاشقان. لەكىن بۇ بايلىق چىلى خەلقى ئۈچۈن بىر قەھىرلىك نەرسە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېغىر تۇرمۇشىنىڭ سەۋەپچىسىدۇر: سىلىترا ھەم جەز ئامەرىكا كاپىتالىستلىرى تەرىپىدىن تالىنىپ كەلدى ۋە ھازىرمۇ تالانماقتا. بۇ باسقۇنچىلار چىلىدا خۇددى ئوزلىرىنى خوجايىندەك تۇتۇدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشىگە يەرلىك ئاق سوڭەك ۋە پومىشىكلار گورۇھى يار - يولەك، خەلىق - خاكچىلار، دېخانلار، باتراقلار، يوقسۇللار ۋە بېلىقچىلار - ئاچ - يالىڭاچ قاراڭغۇدا ھايات كوچۇرمەكتە، خاكلاردا ۋە مەھبۇسلار لاگىرلىرىدا ئولمەكتە.

1904 - يىلى چىلىدا ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ زور شائىرلىرىدىن بولغان پابلونىرودا دۇنياغا كەلدى. ئۇ، كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا خەلىقنىڭ ئېغىر ھاياتىنى كوردى ۋە ئۇنىڭغا ئىچىندى.

پابلونىرودا كوپ ساياھەت قىلدى. ئۇ، ياپونىيە، ھىندىستان ۋە ھىندونىزىيالەردە بولدى ۋە شۇيەرلەردىكى خەلىقلەرنىڭ نامرات ھاياتىنى - ئاچارچىلىقى ۋە قاراڭغۇچىلىغىنى كوردى.

نىرودا بىر نەچچە ۋاقىت مادرىدتا ياشىدى. ئۇ، ئىسپانىيادا گىنىرال فرانكونىڭ ئىسيانىنى كوردى. ئۇ فاشىزمنىڭ ھايۋانلارچە يۈزىنى، ھىمايىچىسىز مەركەزنىڭ بومبا ۋە ئوققا تۇتۇلۇشىنى، كوچىلاردا توكۈلگەن گودەكلەرنىڭ قېنىنى كوردى.

ئىسپانىيا سوقۇشى شائىرنىڭ كەلەچەك ھايات يولىنى بەلگۇلىگەن ئىدى. شائىر ئوزىنىڭ «ئىسپانىيا يۈرۈگۈمدە» دىگەن كىتاۋىدا فاشىزمغا نەپرەت ئوقۇپ، فاشىزم بىلەن قانلىق كورەش قىلىۋاتقان باتۇر ئىسپان خەلقىنىڭ شەنىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. شائىر ئوز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چىلى كوممۇنىستلار پارتىياسىغا ئەزا بولۇپ كىردى.

پابلونىرودا، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە بولۇۋاتقان ئوزگىرىشلەرنى ناھايىتى قىزىقىش بىلەن كورەتتى ۋە ئاجايىپ سوۋېت شائىرى مايا كوۋىسكىينى چىن مۇھەببەت بىلەن سويەتتى. پابلونىرودا سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەغدىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ۋە تىنىچلىق تەغدىرى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشەنگەن ئىدى. ستالىنگراد سوقۇشىنىڭ باشلىنىش دەۋرىدە شائىر ئوزىنىڭ «ستالىنگرادقا مۇھەببەت شېئىرلىرى» دىگەن شېئىرىنى يازدى. بۇ نەرسەلەرنى شائىر شۇ ۋاقىتتا ئوزى ياشىغان مېكسىكا مەركىزىنىڭ تاملىرىغا چاپلىدى.

سوقۇش باشلاندى. دۇنيانىڭ باشقا خەلىقلىرى بىلەن بىللە چىلى خەلقىمۇ ئوزىنىڭ ئۇمىدىنى تىنىچلىق ۋە فاشىزمنى تار - مار قىلىش ئىدى بىلەن باغلىدى. پارتىيانىڭ ئادەتتىكى سايلاملىرىدا سولچىلار كوپ ئاۋازغا ئىگە بولۇدۇ. سىلىترا كانلىرىنىڭ كانچىلىرى ئوزىنىڭ سويۇملۇك شائىرىنى سىناتقا سايلىدى. چىلىدا دەڭىز ئاستىلىرىغا جايلاشقان خاكلار بار. خاكچىلار خاكتا خىزمەت ئورنىغا بېرىش ئۈچۈن خاكنىڭ ئاغزىدىن 4 سائەت مېڭىش كېرەك. دەڭىز ئاستىغا كىرىپ چىقىش ئۈچۈن پەقەت يولغا 8 سائەت كېتىدۇ. بۇ 8 سائەت ئۈچۈن ھەق تولەنمەيدۇ.

سولچىلار كاندىداتى گون سالوس ۋىدىلا پىرىزىدەنتلىققا سايلاندى. ئۇ ھاكىمىيەتكە كېلىش بىلەن ئوز سايلامچىلىرىغا خىيانەتلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئامېرىكا مانا پولىياچىلىرىغا سېتىلىپ ھوكۇمەت ئاپپاراتىدىن كوممۇنىستلارنى قوغلاپ، نامايىشچىلارنى ئېتىپ، تۇرمىلەرنى مەھبۇسلار بىلەن تولدۇردى. نىرودا دىكتاتورغا قارشى ئوزىنىڭ «مىللىيون خەلىقلەرگە ئوچۇق خەت» دىگەن شېئىرىنى يازدى ۋە سىناتتا زور دوكلاد بەردى. ۋىدىلا شائىرنى پۈتۈن ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىپ سوتقا بەردى. نىرودا شۇ ۋاقىتتا ئوزىنىڭ ئەڭ زور مېھنىتى بولغان ۋە بوستۇر نەشىر ئېتىلگەن «ئومۇمى ناخشا» دىگەن كىتاۋىنى يازدى. شۇندىن كېيىن شائىر يوشۇرۇن ھايات كەچۈرۈشكە ۋە چەت كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى بىلەن يۈرۈشكە ۋە ئاخىرى قوغلاندى بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

ۋىدىلا ۋە ئۇنىڭ شىمالى ئامېرىكىلىق خوجايىنلىرىنىڭ نىرودا بولغان بۇ قارشىلىغى يالغۇز شائىرنىڭ سىياسى دوكلادلىرىنىڭ نەتىجىسىدىلا كېلىپ چى

www.azizisa.org

...ن ، بەلکی ئۇنۇڭ تینیچلیق ئۈچۈن بولغان كۆرۈشی قورۇش ئوتینی یاققۇچیلار نیڭ سیرینی پاش قیلیشی - پۈتۈن دۇنیا خەلقینیڭ كۈچی ۋە سوۋیتلەر ئیتتیپاقی- نیڭ قودرىتیگە بولغان ئیشەنچیسی نەتیجیسیدیلا بار- لیققا كەلدی . تینیچلیق ئۈچۈن بولغان پۈتۈن كونـ- گرەسلار نیڭ قاتناشچیسی پۈتۈن دۇنیا تینیچلیق كەڭیـ- شینیڭ ئەزاسی پابلونیرودا ئوزینیڭ پۈتۈن ئیجادی ئازادلیقینیڭ ئۇلۇق ئیدییەلیرینی ھەقیقەت ئۈچۈن بېغیشلیدی . ئۇ ، ھیچقاچان ئوزینیڭ داڭلیق « ئور- مانچی ئویغۇندۇ ! » دیگەن پوئیمیسیدەك سییاسی ئوتكۈرلۈك بیلەن سوزلیمیگەن ئەمەس . بۇ پوئیماۋار- شیۋا كونگرەسیدا تینیچلیق مۇكاپاتیغا ئەگە بولۇپ دۇنیانیڭ ئونلیغان تیلیغا تەرجیمە قیلینغان ، بۇ پوئیـ- میدا ئافتور سوقۇشتین كەیین ئوز ۋەتینیگە یەنیپ كەلـ- گەن سولداتقا مۇراجیئەت قیلیدۇ ۋە ئۇنۇڭغا ئۇئەلیل ئیتروت ئەمپیریئالیستلیری ئامەریكینی نەمیگە ئایـ- لاندۇرۇۋەتكەنلیگینی ، نەگیر ۋە لاتین ئامەریكیـ- سی ھەم ئامەریكینیڭ ئوزینیڭ خەلقلیرینی قانداق ئەزگەنلیكلیرینی ، گرەتسییەدە ھەم جۇڭگودا سوـ- قۇشنی قانداق ئەلیپ بارغانلیقینی كورسۇتۇدۇ . شائیر زاۋۇد ۋە كیتاپ ۋەتینی بولغان سوۋیتلەر ئیتتیپاقی ھەققیدە سوزلەیدۇ .

بۇ ۋەتەن مۇقەددەس ۋەتەن ، دۇنیا خەلقی ئۇ ۋەتەنگە ھۇجۇم قیلیشقا یول قویمایدۇ . پابلونیرودا ئامەریكا سولداتیغا قاریتیپ شۇنداق دەیدۇ : ئۇسولـ- داتنی شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇدۇ : پۈتۈن خەلیق ، پۈتۈن ئاددی ئادەملەر ، پۈتۈن مەملیكەتلەر ، ھەتتا یەرلەر ، كیم سوۋیتلەر ئیتتیپاقیغا قارشی قول كوـ تەرسە شۇنۇڭغا قارشی باش كوتۈرۈدۇ .

پابلونیرودا بۈگۈنۈ قاچقۇن . ئەمپیریئالیستلار ئۇنی كورەلمەیدۇ . ئۇنۇڭغا ۋە ئۇ مۇھەببەت بیلەن كۈیلیگەن تینیچلیققا ئۇلار دۈشمەن بولماقتا . دۇنیا دیكی تینیچلیق پەرۋەر ئادەملەر ئۇنی ، ئوزلیریـ- نیڭ ئەڭ سۈیۈملۈك پەرزەندی ۋە شائیری ، ھەقیقەتـ- نی كۈیلیگۈچی دەپ بیلیدۇ .

# ئورمانچی ئویغۇندۇ ! *)

پابلونیرودا

سولدات ، فرانسییانیڭ ئەزیز یەریگە
قەدەم قویماققا قیلمیغین خییال !
ئۇ یەردیمۇ سینی كۈتۈپ ئالیمیز ،
ساڭا ئۇ یەردە ئۈزۈم باغچیسی
ئاچچیق زەھەر بەرگۈسی دەرھال .
ئولگەن نەمیسلار نیڭ قانلیری تەخی
سیڭمیگەن یەرلەردە ئاپیریپ سینی
تاشلایدۇ نامرات سەھرا قیزلیری .
ساڭا نالایق : ئیسپان سیریر نیڭ -
زەیسیز سایبیسیگە كیریشنی ئویلاش .
ئوندا ئوت بولۇپ یانیدۇ ھەر تاش .
مەن بیلەن ئۈزۈن زېل كۆرەش قیلیدۇ
ئۇندا مەرت جەڭچی كورسۇتۇپ بەرداش .
ئولیفكا جاڭگیلی ا. ئادیشیپ ژۇرمە ،
ئاكلۇخاماغا یاتالمایسەن سەن .
گرەتسییە یەریگە كیریمەن دیمە ،
ئۆكۈلگەن مەرت قانلار ساڭا قارشی
باش كوتۈرۈدۇ ، بۈگۈن ئۇ یەردە .
توكو پولدا بەلیەن ئۆتۈمەن دیمە ،
بەلیەن خەنجەر بولۇپ جایلایدۇ سەنی .
ئارا ئو كاندا قارا تەنلیك خاچچی ژیگیت
ھالاك قیلماققا یەنگی باسقۇنچینی
سۇغۇرۇپ ئالیدۇ یەر تەگیدین

بیر باغلام قەدیمقی ساداق ئوقینی .
گایوچی كۈیلیگەندە « ۋیتالیو تانی »
ئۇنۇڭغا یەقین بارمیغین ھەرگیز !
قیچقارما ئیشچیلارنی مۇز خانیلاردین
قارشی ئالار سەنی
چاقناپ غەزەپ ئوتیدا ھەر كوز .
ۋینوتسییا ئالیقلار مۇشتۇملار تۈگۈپ
بیر قولیدا قایناق نەفیت

* بۇ پوئیما خەلیق ئارا تینیچلیق لائۇرییاتیغا ئەگە بولغان .

www.azizisa.org

يەنە بىر يەردە مۇڭلۇق گىتار بىلەن
ھە، سىنى ئايدۇ كۈتۈپ،
مىلتىقىنى لىپمانلار قوچقان،
ياۋايى سىلۋا قوچىقىدا
ئۇخلىماقتا ئەنە سانىدىنو.
يامغۇرلار ژۇيۇپ ۋە تىككەن ئۇنىڭ يۈزىدە
قالمىغان ھېچبىر قورۇق ئىزىمۇ.
ئۇنىڭ دەھشەتلىك جاراھىتى
بۈگۈن خۇددى شۇ ئولگەندىكىدەك.
گويا چۈشىگە ۋالىلدىغان خەنجەر كىرگەندەك.
ئۇنىڭ قولى ئىسسىق
گويا پورتو-رىكونىڭكىدەك.
دۇنيا ئۈچۈن سەن يات بىر نەمە
كىشى ياتماس ئاراللار ئەمەس،
ھەتتا قارغىش قىپى بورانلارمۇ
سىنى بۈگۈن راسا قاغايدۇ.
زادى مۇنداق قىلالمايسەن،
ھە، ئورمانچى ۋىغۇنۇدۇ!
قولىدا پالتا ھەم ياغاچ قەدەم كۆتۈرۈپ
لىنكول كەلدى يەنە دەرەخلەرنىڭ دەستىخىنىغا،
مەن كۆرۈۋاتىمەن،
ياغاچ غوللىرىدا ئۇنىڭ بەسىشىنى.
دوپلار پوستى ۋە تاختايلار يۈزىدە
كۆرۈۋاتىمەن ئوتتا يانغان كۆزىنى.
خوش، ۋىرگىل قارغايلىرىنمۇ
ئەگىز كۆتۈرۈلۈپ ئۇ بىزگە باقسۇن!
يەنە ئاۋرام لىنكول بىزگە قايتسۇن!
ئۇ، ئېچىكىدىن دۇرلار ئېلىپ،
ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئامباغا كەتسۇن.
مەۋىلەر يەپ بىز بىلەن بىللە،
بىز بىلە بىللە كىنوغا بارسۇن!
ئۇ يەنە ئاددى ئادەملەر بىلەن
خۇددى بورۇنقىدەك بازارغا چۈشسۇن.
ئورمانچى ئويغۇنۇدۇ
بىزگە ئاۋرام قايتسۇن!
كونا يوللار ئېلىسى بوستانلىغا
ئالتۇن دالا قىرلىرىغا كۆتۈرسۇن ئۇنى.
تۇرسۇن - تۇرسۇن ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتتەكۈر پالتىسىنى
قول ئەگىلىرىنىڭ ئۆزۈق - پوستىغا،
تۇرسۇن، نەشرىياتنىڭ رەھبەر تىلىغا،
تۇرسۇن، تەنلەرنى تىلغان قامچىغا،
تۇرسۇن قانلىق سودىغا!
قوچاقلىشىپ ئاق تەنلىك ۋىگىت
قارا تەنلىك ۋىگىت بىلەن،
نەپرەتنىڭ مۇدھىش دەللالى
ۋە ئالتۇندىن تىكلەنگەن ئاملارغا
ھۇجۇم قىلسۇن
غەلىبە ناخشىسى ۋە بىر ئۈمىت بىلەن
تىنچلىق تىلەيمەن كەچكى شەپەقتە
قانلىرى دولقۇنلانغان جاھاننى،
مۇھەببەتنى كۈيلىگەن قوشاقلار بىلەن،
ھەر جايدا مەنى كۈتكەن
ئەنە شۇ ئەركىن ئاۋازلارغا
تىنچلىق تىلەيمەن، ئارام تىلەيمەن.
تىنچلىق تىلەيمەن، دەريالار ئانىسى
ئۇلۇق دەريا ئانىسى - مىسسىسىپىغا
مەن كېيتا تىنچ بىزدەيمەن ۋە ئۇنى
ۋە ئۇ ئادەمنىڭ كۆينىكىگە.
تىنچلىق تىلەپ كىتاپلارغا بېسىلسۇن نامە،
تىنچلىق تىلەيمەن
ژىراق كېتەق سەھرانىڭ كولخوزلىرىغا
ئىستەيمەن تىنچلىق: ھەر يەردە ياتقان
مەردۇملارنىڭ توپراقلىرىغا
ۋە پوچتالىيونىڭ سومكىسىغا.
ئۇسۇلچى ئۈچۈنمۇ تىنچلىق تىلەيمەن،
ئۇ، مەجنۇن دال بىلەن بەس - بەسكە چۈشسۇن.
ئۆزەمنىڭ ئوت قىراۋىمغا شۇنى ئىستەيمەن
(ئۇ، روسارىئو - دەپ يېزىشتا زۇۋانەمەن).
تىنچلىق تىلەيمەن
جاڭگاللاردا مۇڭكۈپ ژۈرگەن
ئولۇۋا قويمىسىدەك بولۇۋېلىشقا.
تىنچلىق تىلەيمەن،
ھە. قىز، سېنىڭ تىنچ توي قىلىشىڭغا
ۋە بېشۇر بېشۇر ئورمانچىسىغا.
تىنچلىق تىلەيمەن
غەزەپلەنگەن ئىسپانىيەگە.
تىنچلىق تىلەيمەن
ئېيەك بىلەن زورەك چەكىلگەن ياستۇقى بار
ئومىنگدىكى كىچىك موزىگە.
تىنچلىق تىلەيمەن ئەنە شۇلارغا
تىنچلىق تىلەيمەن،

www.azizisa.org

ئاۋاي ۋە ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە.
كەڭ ئېكىنزار، ئاپپاق ئۇن ئۈچۈن
ۋە ئەتە تورەلگۈسى بۇغداي بېخىغا
چىمەنزار قوينىدىكى مۇھەببەت ئۈچۈن
كۆيۈنىمەن تىنىچلىق تىلەپ.
پۈتۈن ھايات - جاۋار ۋە ئىنسان
پۈتۈن يەر ۋە سۇلار ئۈچۈن
تىنىچلىق، تىنىچلىق دەپ
پۈتۈن ئاۋازىم بىلەن قىلىمەن تەلەپ.
- لەر بىلەن خوشلۇشۇپ دوسلار
خالايمەن، ماكانىمغا قايتىپ كېتىشنى،
مەن تەخى خىيالىمدا پاتاگونىيەدە،
ئۇ يەردە بورانلار ئۇرۇدۇ قىرغاقنى،
ئوكيان مۇز پارچىلىرىنى ئاتىدۇ ھەر ياققا.
ھە، مەن ئاددى شائىر، ھەممىنى سۆيىمەن.
يىراق، ھە قەيەردە تەنەپ زورۇيمەن.
راستىن سۆيۈملۈك مەن ئۈچۈن ھايات.
ئاغچىلار يۇرتى بولغان بىزنىڭ ۋەتەندە
خەلقىمنى زىندانلارغا ئېتىپ
تەقدىر بىلەن ئوينايدۇ سەلدات.
شۇندا بىلسىمۇ سۆيىمەن مەن
ئوزەمنىڭ كىچىككىنە، سوغاق،
لېكىن سۆيۈملۈك ئەزىز ئۆلكەمنى.
ھەتتا
يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن تومۇرىغىچە
ئەگەر ماڭا جەڭلەر قىلىپ
يۈز مەرتەۋە ئۆلۈش توغرى كەلسە
تىلەيمەن شۇ ئۆلكەمدە ئۆلۈشنى.
ئەگەر يۈز مەرتەۋە تۇغۇلۇش توغرى كەلسە،
تىلەيمەن شۇ ئۆلكەمدە تۇغۇلۇشنى.
ئارائوكادىنىڭ ياۋايى جاڭگاللىرىدا
جەنۇپ بورانىنىڭ ۋىژىلداشلىرى
ۋە يېڭى ئېلىنغان قوڭغۇراقنىڭ
جاراڭلىق ئاۋازى ئاستىدا
ئويلىماڭلار مەنىڭ ھەققىمدە،
ئويلايلى ھەممىمىز دۇنيا ھەققىدە.

مەن، بىزلەرنىڭ سازلىرىمىزنىڭ
پۇچاق ۋە نانلىرىمىزنىڭ
خالىمايمەن بۆلىنىشىنى يەنە قانغا.
مەن تاغچى ژىگىت ۋە ئادۋاكات،
ماتروس، ئاددى قىز ۋە قوچاقچى ئۇستام بىلەن
بېرىشنى تىلەيمەن كىنو - ئويۇنغا.
ۋە ئۇندىن كېيىن قىزىل مەي قويۇپ
پارچىمىز قەدەھلەر كوتەرسەك دەيمەن،
ناخشا ئېيتىشقا كەلگەن مەن بۇ جاھانغا
كەل، سەنمۇ ئېيت، قوشۇلۇپ مېنىڭ ناخشامغا.

خ. ھوسەينوۋ تەرجىمىسى.



www.azizisa.org

ئابلىز نازىرى

# خۇاڭخە دولقۇنى

«... جۇڭگو خەلىق پىدائى قىسىملىرى ئامېرىكا
تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنىڭ قىرغىنلىقلىرىغا ئۇچ-
راۋاتقان چاۋشەن بالىلىرىنى قۇتقازماقتا ......»
(گېزىت خەۋىرى)

ئولۇم ئازابىدا چىقىرغان ئۈنلەر
كۆكلەرگە كۆتۈرۈلدى ئوتلار بىلەن تەڭ.
ئىسسىق ئانا قۇچىغىدا ياتقان بالىنى
قورقۇتماقتا غالجىر بىر لەھەڭ.
تىرومىن باشلىغان ۋەھشى قوزغۇنلار
چاۋشەننى كۆيدۈرمەكتە ئوتلارنى چېچىپ.
كوز ئۆيىدە تەنتىرەمەكتە كىچىك بالىلار،
ژىغلاشماقتا قۇتۇلالماي شۇ ئوتتىن قېچىپ...

خەنجىڭدا بولۇۋاتقان بالايى - ئەزىمگە
بىزنىڭ زورە كەمۇ سىقىرايدۇ
قېرىنداش بولغۇنىمىز ئۈچۈن.
خەنجاڭدا ئاقسا بىھۇدە قانلار
ھەقلىق خۇاڭ خەمىز ئۇرۇشتا دولقۇن.
شوڭا ئەڭ ياخشى ئوغلانلار كەتتى
چاۋشەنگە،
چاۋشەنلىككە تىلەكداش بولۇپ.
قالمىسۇن دىدۇق دەھلەردە ئانا،
ئوتلاردا بالا
كوز ياشلار توكۇپ...
چىن ئادەملىك قەدر ئۈچۈن
پىدائى بولدۇق
پىدا قىلدۇق جانلارنى.
پۈتلىكا شائلا ئەمەس،
جىمىقتۇرۇپ قويماقچىمىز
قوترىغان ھايۋانلارنى.

شۇنداق بىر كۈنى بىزنىڭ ئادەملەر
تاغ باغرىدا ياتاتتى يەرنى بەغىرداپ.
بىر چاغ،
يەقىن يەزىدىن - ئوتلار ئىچىدىن
پەرياد ئوردى گۈدەك چىقىراپ.

ئەنە پاكار تاملار ئورۇلۇپ چۇشتى،
بوسۇغىلار كوتۇرۇلدى ئاسمان پەلەككە.
يانغىن ئوراپ ئالدى گۈدەك بالىنى...
ئاھ!... ئوتتەك قانلار زۇگەدى
ئادىمى زورە كەكە..
زۇگۇرۇپ كەتتى ئوتلار ئىچىگە،
بىزنىڭ قىساس بىر ژىگىتىمىز.
ئۇ، بىردەم ياتاتتى يەرنى بەغىرداپ،
يەنە زۇگرەتتى بولۇپ سابىرسىز.
ئۆتۈنۈك يەنىدا يەرىلاتتى
ئولۇمنى تېمىزقاپ چۇشكەن دەمبىلار.
ئۇنى كومۇپ تاشلاتتى
ئىسلار ئارلاش ئاچچىق توپىلار.
ھەر بىر چۇشكەن ئەجەل بومبىسىدىن
ئۇ، قىلىپ تورىۋەمىدى ھەزەر.
جان ئاچچىغىدا چىقىراپ گۈدەك
چۇنكى، «مەنى قۇتقۇزۇڭلار!...» دەر.

-«رەھمەت سىلەرگە مىڭ قېتىم رەھمەت!
رەھمەت سىلەرگە پۈتۈن چاۋشەنلىكتىن.
رەھمەت سىلەرگە - چىن ئادەملەرگە
سىلە ھايات بەرگەن مۇشۇ گۈدەككىتىن...»-
دېدى-دە، بوۋاي يەشىنى سۈرتۈپ،
ھەلىقى ژىگىتىمىزنى سۆيدى قۇچاغلاپ.
گۈدەك قارايدۇ ئۆيى تەرەپكە:
يەزا كۈيەر ھامان لاۋۇلداپ...

خەنجىڭدا بولۇۋاتقان بالايى - ئەزىمگە
بىزنىڭ زورە كەمۇ سىقىرايدۇ
قېرىنداش بولغۇنىمىز ئۈچۈن.
خەنجاڭدا ئاقسا بىھۇدە قانلار
ھەقلىق خۇاڭ خەمىز ئۇرۇشتا دولقۇن...

www.azizisa.org

غەنىزات غەيۇرانى

# شائىر

ئولتۇرار بىر يىگىت ئۆزى ياشقىنا
تەۋرىتىپ قەغەزگە مەغرۇر قەلەمنى،
ماڭىدۇ قەلىمى توختىماي چەكسىز
توكۇدۇ ئوتمۇشتىكى قايغۇ ئەلەمنى.

...ەي دۇنيا! ۋاپاسىز قاپقارا جاھان
...ۆمۈردۈك ئىنساننى بارا - بەر تەكىز،
...يلدى ھاياتنىڭ يەتمەي مىراتقا
...ن ئىنقىلاپ ئۆتكەشتى قانچە ئوغۇل - قىز.

قانچە قارا كۈنلەر ئۆتكۈزدۈك تارىخ!
ئۆرانقى ئالدىڭدا زىندانلار گويا،
زىنداندىن ئاققان ئۇ، مەئسۇملاقە-نىى.
ئۆتەتتى ئالدىڭدىن ياساپ چوڭ دەريا.

...ەي قاكەت ئۆتمۈشنىڭ گۇۋاسى تارىخ!
...ۈرلىگىن ئۆتمۈشۈڭنى قىلچە يوشۇرما،
...ويلىسام سەسكىنەر، دەھشەتلىنەر دىل
...يۈرەك ئاچ ئالدىمدا، ھەرگىز قاچۇرما.

ياسىدىڭ تۈزلەڭگە نەچچە خىل دوڭلۈك
بىگۇنا يوقسۇلنىڭ ئۈستىخىنىدىن،
ياسالدى خانلارغا «شىرىن» شارابلار
باشلىرى كەسىلگەن نامرات تەنىدىن.

ئىسىڭدا، خانلارنىڭ ھەۋىسى ئۈچۈن
كەسىلگەن مىللىيونلاپ گۇناسىز باشلار،
ۋەھشىلەر قۇلىچى كەزىلگەن زامان
ناليدا گادايدىن ئاققان قان - ياشلار.

يازدۇردى يوقسۇلنىڭ قەنىغا چىلاپ
خانلارنىڭ، بەگلەرنىڭ «يۈكسەك» تەلىكى،
«شەرەپلەر» توقۇلدى بىگىم ئۈستىگە
قەلەم ئەمدى گادانىڭ بەقىن سۆكىگى.

بىگىمنىڭ ھەر كىچە ھوزۇرى ئۈچۈن
توكۈلگەن ساناقسىز قىزلار نامۇسى،
بىچارە دىخاننىڭ قىزى زارىدىن
قاندى زالىمنىڭ ئىلەك ئارزۇسى.

بىر توغاچ نان ئۈچۈن راز بولسا يوقسۇل
بىگىمنىڭ ئالدىدا ھەسەل، قەنت چايلار،
ئۆتەتتى بۇ ھايات خورلۇق بىلەن تەك
ئىسىڭدىدۇ مۇنداق تارىخ يىللار ۋە ئايلار.

ئەمدى بىلسەڭ ئەمدى ئەي تارىخ!...
دۇنيانى ياراتقان يوقسۇلنىڭ قولى،
بۇ قول بۈيۈك قول، بەك قۇدرەتلىك قول
ئىچىلماقتا كۈن سايىن بۇ قولنىڭ گۈلى».

www.azizisa.org

# ئاق چاچلىق قىز

## ئىككىنچى پەردە

### 1 — كۆرۈنۈش

(بېشى ژۇرنىلىمىزنىڭ 3 ـ سانىدا)

(ۋاقىت ـ ھېيت كۈنى. پومېششىك خۋاڭشىرېن-
نىڭ ئانىسىنىڭ ئىبادەتخانىسى. شاملار يېقىل-
غان نوكچىلارنىڭ ئىسلىرى پۇراپ تۇرۇدۇ. خۋاڭمو
نوكچىلارنى يېقىپ تۇرغان ھالدا)

خۋاڭمو: تۈنۈگۈن خۋاڭشىرېننىڭ ئېيتىشىچە، ئوتاقچى
ياڭبەيلۇ قىزىنى بىزگە ئەكېلىپ بېرىپ، ئەچچە
ئون يىللىق قەرزىنى ئادا قىلدى دېگەن ئەمدى.
نەمە ئىش بولدى، ئۇ قىز نەمىشكە شۇچاغقىچە كە-
لىپ ماڭا كۆرۈنۈش قىلمايدۇ! (ناخشا)
ئۈيۈمگە بەخت ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن ھېيتتا.
تۇرۇق-ئەۋلادىم ياخشى ئۆتكەن، ئۇزەڭسا قىلغىن خۇدا.
نوكچا يېقىپ ئىبادەتخانىنى يورۇتتۇم
خۇدا، ئىخلاس بىلەن باش قويۇمەنسا ئاڭا ئۈچ تەئتىم.
ئاۋىلەن خۇدا، نوكچىنى ياقتىم سەن ئۈچۈن،
ئىجارىنى كۆپ يىغىپ بەشىمىزغا سەن كەپىل بولغۇن!
ئىككىنچى يەنە سەن ئۈچۈن ياقىمەن خۇدا.
كەپىل بول دائىم بەختلىك بولىشىمىزغا.
ئۈچۈنچىسىنىمۇ خۇدا يەنە ياقتىم سەن ئۈچۈن
كەپىل بول ئادەملىرىمىزنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن.
(ئىشىكتىن چىقىپ ئولتۇرۇدۇ)

خۋاڭمو: بۇ يىل يول-يولغا دال بولىدى. بىر قىز نەچ-
چە ئون يىللىق ئىجارە بەدىلىگە كەلدى. ئۆتكەن
يىلى ئوبدانراق ئەمدى، خۇڭلو دېگەن قىزنى
8 كويچەنگە، يەنە بىر قىزنى 5 يېرىم كويچەنگە
سېتىپ ئالغان ئەمدۇق. بۇ يىل نەمىلا بولمىسۇن
ھەممىسى قىممەت! (ئورىنجى شىيەرنى باشلاپ
كىرىپ كەلىدۇ)

مو: شىيەر ماڭ! (ناخشا)
ئاجايىپ بىر قىز ئىكەنسەن.
ماڭمايسەنمۇ ئىشىكتىن كىرىپ.
ھەلى خوجايىن كۆرۈدۇ سېنى.
نەمە سەن مۇنچالا قوشۇمىگىنى تۈرۈپ.
ھازىر سېنى كۆرۈدۇ خانىم
سەنمۇ تۇرغىن مۈلايىم.
ئوچۇغراق تۇرسۇن چىرايىڭ.
(شىيەر قورقۇپ پىخىلداپ ۋىغلايدۇ)

مو: ۋىغلىما، خانىمنىڭ ئاچچىقى كەلسە، ھازىر يۈزۈڭ-
نى ئوتاپ ئالىدۇ.
(مو شىيەرنى باشلاپ ئىشىكتىن كىرىدۇ). ھە-
خانىم! ياڭبەيلۇنىڭ قىزى ئۆزلىرىگە پەتە قىلغى-
لى كەلدى.

خۋاڭمو: ھە، سىز لومۇ، ھە كىرىڭ-كىرىڭ! (مو قىز-
نى باشلاپ كىرىدۇ)

مو: (قىزغا قاراپ) خانىمغا باش قويغىن! (قىزنى ئىش-
تىرىپ تىزلاندۇرۇدۇ)

خۋاڭمو: ھە!... قوپە!

مو: (قىزنى تارتىپ) قوپە، خانىم سېنى كۆرۈدۇ.

خۋاڭمو: ھە... بالا يامان ئەمەس. بۇ ياققا ئورۇلۇپ
قارىغىنا!

مو: (قىزنى ئىشتىرىپ) بۇياققا ھە! (قىزنى تارتىپ
ئەكىلىدۇ)

خۋاڭمو: ھە، پۇت ـ قولى خېلى چاققان كۆرۈنۈدۇ. يە-
نە بىر قارىغىنا!

مو: بۇياققا كەل (قىزنى يەنە تارتىپ)

خۋاڭمو: قىز خېلى تەتىك. ئىسمىڭ نەمە؟

شىيەر: ......

مو: خانىم بۇنىڭ ئىسمى شىيەر.

خۋاڭمو: شىيەر، ھە، ئوبدان ئىسىم. ئىش قىلىپ ئۈيى-
مىزگە ئايىغى يارىشسۇن، ئانچىۋالا ئۆزگەرتمە-
مەي. خۇڭگۇ (قىزنىڭ ئىسمى)، خۇڭلۇ (قىزنىڭ
ئىسمى) لارنىڭ قاتارىغا قوشۇپ قويۇشتا ئىسمىڭ-
نىڭ ئالدىغا «خوڭ» دېگەننى قوشۇپ، خوڭشى
دەپ ئاتايلى.

مو: (قىزغا قاراپ) خانىم ئوبدان ئات قويدى ساڭا

www.azizisa.org

رەھمەتدە! بۇ گۇندىن باشلاپ خۇلكشى دەپ قیچقیریمیز.
خۇاڭمو: بالا قانچە یاشقا كیرگەن؟
شیئەر:......
مو: ئون یەتتە یاشقا.
خۇاڭمو: ھە... ئون یەتتە یاش. بۇ قیز خۇلكفۇغا قاریـ
ـغاندا یاخشیراق. خۇلكفۇ ئۇ بەئەینى شەیتان. مایمۇن دیسە مایمۇن ئەمەس. ئادەم دیسە ئادەم ئەـ
ـمەس. بۇ بالا یاخشى. قایتیپ بەریپ خۇاڭشیرینغا ئەیتیپ بۇ قیز مەنیڭ خیزمیتیمدە قالسۇن.
مو: ۋاھ، بۇ قیز تەخى جاۋاپمۇ بەرمەیدیغۇ!
خۇاڭمو: ھەی، بۇ قیز كەمبەغەل ئۆیدە ئوسكەن. بۇنۇڭ ئانیسى بۇنى قەقینەندی-سوقۇندی قیلیۋەتكەن. یەی دیسە یوق، كەییەی دیسە یوق. خۇلكشى، بۇ گۇندىن باشلاپ بیزنیڭ ئۆیدە یاخشى یەپ، یاخشى كەیە
شیئەر: سەن. شۇنى خالامسەن!
مو: خالایمەن دیگین! سەن بەختلیك یەرگە كەلدیڭ.
خۇاڭمو: قاراڭ. بۇ قیزنیڭ كییگەنلیری خۇددى قەلەنـ
ـدەرنیڭكیگە ئوخشایدۇ. لومو، جاڭ ئەرشیننى قیچـ
ـقیریڭ. ئۆیمیزگە كەلگەن بۇ قیزنیڭ كییمـ-كەـ
ـچەكلیرینى سالدۇرۇپ، یەڭگى چاپان - كۆینەكـ
ـلەرنى كیدۇرۇپ، قوسیغیغا یەیشكە بوغۇساق بەرسۇن.
مو: (سەھنەنیڭ كەینیگە قاراپ) داشیڭ. خانیم. جاڭ ئەرشیننى قیچقیریڭ. خۇلكشینیڭ كییمـ- كەچەكـ
ـلیرینى یەڭگۇشلەپ، قوسغیغا بوغۇساق بەرسۇن دەگلا دەیدۇ. (ئیچكیریدین) ئاۋاز: خوپ، بولیدۇ. یەزیدیكەلەر خانیمنیڭ ئۆیگە پەتتە كەلۋاتیدۇ.
خۇاڭمو: ئۇھ! (ئورنیدین ئۆرۆپ، قیزغا قاراپ) خۇلكـ
ـشى، ھازیر كیچیك ئاناڭ كەلیپ كییملیریڭنى یەڭگۇشلەتیپ، سەنى بەزى ئیش - پیشكە تەیینـ
ـلەیدۇ. (ئیشككتین چیقیپ) ھەی! ئادەم كیشینیڭ خیزمیتینى قیلیشنیڭ ئالدیدا دیۋانەتلیك بولسا. ئامین. بەخیت بەرگین خۇدا. ئومرۇمنى ئوزۇن قیلغایسەن! (خۇاڭمو، مورینجى چیقیپ كەتیدۇ، یەردینیڭ ئارقا تەرەپیدە ۋاڭ-چۇرۇك ئاۋاز
لار: خانیمنیكیگە پەتیگە كەلدۇق «خوجاییننیكیگە پەتە ئوقۇغۇلى كەلدۇق»)
شیئەر: ۋاى دادام، جەنیم دادا.
ئاڭلیسام كیشیلەرنیڭ ئاۋازینى.
چۇچۇیمەن، یەنە قورقۇم كەلیدۇ.
بو سوغا ئۇستیدە بو سوغا،
ئیشیك تەشیدا ئیشیك بار.
دادا دەپ توۋلیسام ئوزۇم یەتمەیدۇ.
دادا، سەنى گورگە كیم ئوزاتقاندۇ؟
(داشیڭ تەخسیدە بوغۇساق كوتەرـ
ـگەن، قیزنیڭ كیچیك ئانیسى دەپ دەپ ئاتالغان جاڭ ئەرشین كییمـ- كەچەكلەرنى كوتەرۇپ كیریدۇ)
داشیڭ: مانا شۇ خۇلكشى دیگەن قیز. خۇلكشى، خۇلكشى بوغۇرساق یە!
جاڭ: قوسۇغۇڭ ئاچقاندۇ. بوغۇساق یە!
داشیڭ: جاقانیراق یە، مەن یەنە چیقیپ میھمانلارنى كۇتیمەن.
شیئەر ...... (تەخسینى ئورۇدۇ)
داشیڭ: پاھ، قارا بۇنۇڭ یاخشیلیقنى بیلمەیدیغانـ
ـلیغینى ھەیتنیڭ بیرینچى كۇنى ئۆیگە كیریپلا ھەلیتین تەخسینى یەرگە ئەتیۋاتیدۇ. مەن چیقیپ خانیمغا ئەیتیمەن.
جاڭ: داشیڭ، ھەچ ۋەقەسى یوق. خانیمنیڭ ھەیت قیلیـ
ـشى ناھاییتى خوشاللیق بیلەن. خانیمنیڭ كوڭلینى خاپا قیلیپ قویمایلى. بۇ قیز تەخى یەڭگى كەلدى رەسمى قائیدینى بیلمەیدۇ. بۇ قەتیم كەچۇریلى.
داشیڭ: ھەى بۇنداق قیزنى ... كورۇپ باقامیز قەمنى مۇندین كەیین (چیقیپ كەتیدۇ)
جاڭ: خۇلكشى، مەنیڭ كەینیمدین بەریپ، كییمـ- كەـ
ـچەكلیریڭنى یەڭگۇشلەپ ئال. بۇ سەنیڭ ئوزەڭـ
ـنیڭ ئۆییدەك یا ئانا - ئاناڭنیڭ ئالدیدا چالـ
ـۋاقیغاندەك دومسۇیۇپ تۇرۇدیغان یەر ئەمەس. كیشینیڭ ئۆییگە كەلگەندین كەیین ئەدەپلیك بولۇش كەرەك. یۈر، قورقما خۇلكشى. مەن سەنیڭ كیچیك ئاناڭ. مەن مۇشۇ ئۆیدە خیزمەت قیلیمەن. مۇندین كەیینكى كۇنلەر ئوزۇن. سەن قیلالمایدیـ
ـغان ئیشلارنى مەن ئوگۇتیمەن. قانداق گەپ سوـ
ـزۇڭ بولسا ماڭا ئەیت! یۈر، كییمـ- كەچەكلیریڭـ
ـنى یەڭگۇشلەپ ئال. (چیقیپ كەتیدۇ)

## 2 - كورۇنۇش

ۋاقیت. بیر ئایدین كەیین. ئەرنى ۋاڭ داشیڭنیڭ ئیشیك ئالدى. ۋاڭ داچوڭ سەھنیگە كیریدۇ.
داچوڭ: (ناخشا)

www.azizisa.org

بىر ئاي بولدى ئاتامنىڭ ئۆلگىنىگە
شىئەر خوجايىن ئۆيىدە ئاۋارە.
ئاتامنىڭ كوز يېشى قۇرۇمايدۇ.
ئەمگىۋ كۈندە قالدى ئۆبىچارە.
ئوچ ئالسام دەيمەن، ئىچىدىيمەن.
گويا ئازاپ ئوتىدا كۆيىمەن.
بابا شىئەرنى كورەي دەپ بارديم
يالاقچىلار كىرگۈزمىدى، ئاخىرى ياندىم
(يەرگە تىپىپ) بۈگۈن خوجايىننىڭ ئۆيىگە بېرىپ
ئوغۇرلۇقچە شىئەرنى كورمەكچى بولسامۇ ئىلاج
تاپالمىدىم. خوجايىننىڭ يالاقچىلىرى كورۇپ قال-
دى ... داسو. بايقاپ يۈرۈپ، شىئەرنى ئەلىپ
قەچىپ باشقا بىر ياققا كەتكەن دەۋاتىدۇ. بۈ-
گۈن بولماي قالدى. شىئەرنى كورەي دېسەممۇ،
كورەلمىدىم. ئۇنۇ گۈن ئاۋاڭ شى رىيننىڭ ئادىمى
كەلىپ ئەرىزنى بەر دەپ مەنى قىستىدى. ئەگەر
ئەرىزنى بەرمەي بىغان بولساڭ، قازان قولۇ بلىرىگىنى
ئەلىپ ئىشىگىگىنى تاقاپ قويىمەن دەيدۇ.
چاقان كەتمىسەم بولمايدىكەن بۈ يەردىن بۈگۈن
مۇرىن جى يەنە كەلىدۇ. ھەي! ...... (ئىشىكنى
ئەچىپ كىرىدۇ) ئاپا! (ئادەم يوق) ئاپام جاۋداشۇنىڭ
ئۆيىگە كەتكەن ئوخشايدۇ. ئايتىپ كەلسە يەنە
ۋىغلايدۇ ...... (داسو كىرىدۇ)

داسو: دا چوڭ!

داچوڭ: كىم؟

داسو: مەن (ئويگە كىرىدۇ) ھەي. مۇرىن جى دېگەن
تەرسا بىزنىڭ ۋۇرەك- باغرىمىزنى خۇن قىلىۋەتتى.
مۇرىن جى بابا بىزنىڭ ئويگە كەلىپ مەنىڭ يوقلى-
غىمدىن پايدىلىنىپ، بەش شىڭ قوناقنى ئەلىپ
كەتىپتۇ. ئويگە كەلسەم ئاپامنىڭ ھۇش - كاللى-
سى يوق. ھەي، بۇ تەرسا بىر كۈن ئەمەس، بىر
كۈن قولىمىزغا چۈشە.

داچوڭ: مەن ھېلى تەخى خۇاڭشى رىيننىڭ ئۆيىگە بېرىپ
كەلدىم. زادى ئەپلەشمەدى، شىئەرنى كورەلمىدىم.
مۇرىن جى دېگەن تەرسا قازىنىگىنى ئەلىپ ئويۇ گە
ئۆلۈپ سىلىپ قويىمەن دەيدۇ.

داسو: نىمە؟ ئۇ تەرسا بۇ يەرگىمۇ كەلەمدۇ؟ (ئاسمانغا
قاراپ) كەچ بولدى (ئۇنۇڭغا قاراپ) ئاپاڭ
بارمۇ، يوق؟

داچوڭ: يوق.

داسو: مەنىڭچە بىز بۈگۈن ئاخشام مۇشۇ يەردىن كەتىپ
دەردىمىزنى چىقىرىلى.

داچوڭ: نىمە دەيسەن ئا؟

داسو: سەل تۇرساق يەنە ھېلىقى تەرسا كەلىدۇ. ئۇ
ۋاقىتتا ...

داچوڭ: (نەپرەت بىلەن) ئۇھ، ئەگەر بىز كەتىدىغان
بولساق، ئاپام بىلەن شىئەر خاراپ بولۇپ كەتىدۇ.

داسو: قورقما! كەچ بولدى. مۇرىن جى دېگەن تەرسا كەل-
سە، ئۇنى قولىمىزغا چۈشۈرۈپ، ئاغىنىڭ ئىچىگە
ئاپىرىپ (قولىغىغا) بۈرىگە تاشلاپ بېرىمىز.

داچوڭ: ياخشى. كەلسۇنچۇ بۈگۈن ئاخشام. ئەسنى ئۇ
تەرسا!

(ئادەمنىڭ كەلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. داچوڭ
ئۆيىدىن بىر ئاغامچىنى ئەلىپ چىقىدۇ. مۇرىن جى
دەلدۈگۈنۈپ مەس ھالدا كىرىدۇ)

مۇ: (ناخشا)
تەنىڭەي. دىيەي.
خوتۇنىەي، ياخشى پەي.
تەنىڭەي، دىيەي قۇللارنى سويمەيدۇ.
يالغۇز بايلا مەززە قىلىپ ئويناىدۇ.
ھا . . ھا .

داچوڭ، داچوڭ! سەن ھارىمى نىمىشكە كەتمىدىڭ، قازى-
نىڭىنى ماڭا بەر. ئىشىگىڭنى تاقاپ قويىمەن
ھارىمى.
(داچوڭ خاپا ھالدا، گەپ قىلمايدۇ!)

مۇ: سەن ھارىمى مۇشۇ يەردە ئومرۇڭنى ئوتكەزمەكچى.
سەن ھارىمى تەخى پىتىگەدىن چۈشمەپسەن. سەن بۈ-
گۈن ئوزەڭ خوجايىننىڭ ئىشىگىگە بېرىپ نەمەنى
كورۇپ كەلدىڭ. تەخى سەن توزى كور قىلىدىي-
غان تاۋاق بىلەن قازان سوپىنى ئىچمەكچى. دۇ-
رۇس، سەن شىئەرنى ئوزەڭگە لايىق ئەمەس ئالماق-
چى ئەمدىڭ. بۈگۈنكى كۈنلەشىئەر بىزنىڭ خوجا-
يىننىڭ بولدى. ھە، مەن ساڭا شۇنى ئەيتىپ قو-
يايكى، خوجايىن سەنىڭ بەتتىمە ئىلىغىڭنى بىلى-
دۇ. خوجايىن بىز گەداچۇڭنى كوزۇمدىن يوقۇتۇڭ-
لار دىدى. بۈگۈن سەن ھارىمى ئويىنى ماڭا بېرى-
سەن. (مۇرىن جى گەپ قىلغانسىرى داچوڭغا يە-
قىنلىشىدۇ. داچوڭ جاۋاپ قايتۇرمايدۇ. مۇرىن جى
تەخىمۇ يېقىنلاشقاندا داچوڭ كەينىگە يانىدۇ) سەن
ھارىمى نەگە بارىسەن. سەن نىمىشكە گەپ قىلماي

www.azizisa.org

سەن-سەن نەگە بارماقچى؟ (داچوكنى قىستايدۇ.
دەل شۇ چاغدا داسو مۇرىن جىنىنىڭ كەينىدىن يۈ-
گۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى كوتىرۈپ يەرگە ئۇرۇدۇ)
جاۋ: سەن كىم؟
داسو: ۋاقىرىما! (داچوكقا قارايدۇ. داچۇك دەرھال
كېلىپ مۇرىن جىنىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ ئالىدۇ. مۇ-
رىن جى تىپىرلايدۇ.)
داسو: ھەي ئەرسا! سەن ئەمدى كورىدىغەن بەرىپە، شۇ يەر-
دىن قەرىز ژىقتىن. (مۇرىن جىنى ئورۇدۇ. خۇاڭ-
نىڭ ئىككى لۈكچىگى كىرىپ كېلىدۇ)
لۈكچەكلەر: نېمە بولدى؟ (داچۇك، داسو بىر قاراپلا
ئادەمنىڭ كەلگىنىنى كورۈپ قاچىدۇ. لېكىن تۇ-
تۇلۇپ قالىدۇ. ئەمما داچۇك غەيرەت قىلىپ لۈك-
چەكلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ ئەجىپ كېتىدۇ.)
لۈكچەكلەر: (مۇنى يەردىن يولەپ قوپۇرۇپ) ھەي، مۇ-
شەنسىن. نېمە بالا بولدى؟
(يولەپ تۇرغۇزۇپ) لوسەن. لوسەن. ۋاڭ داچوكنى چاتقان توغلاپ
تۇتقىن. (داسونى كورسۇتۇپ) ياخشى، داسو سەن
ياخشى بالا. ليۇ ليۇ، بۇنى بىللە ئېلىپ كېتىپ
سوزلىشىمىز
(لۈكچەكلەر داسونى ھەيدىگەن پېتى مو باشلىق
ھەممىسى چىقىپ كېتىدۇ).
بىرىنچى دېكراتسىيا تارتىلىپ، ئىككىنچى
دېكراتسىيا ئېچىلىدۇ.
داچۇك: (ئىشىكنى قېقىپ) جاۋ داشۇ! جاۋ داشۇ! (جاۋ
چىقىدۇ) ئاپام قېنى.
جاۋ: ئاپاڭ قايتىپ كەتسكەن، بالام نېمە ئانداق ھاسى-
راپ كەتتىڭ!
داچۇك: تاغا ئىش يامان بولدى. داسو ماڭا ئەگىشىپ
مۇرىن جىنى ئۇرغان ئىدى. خۇاڭ شى رىننىڭ
ئادەم ئۇرىدىغان لۈكچەكلىرى كېلىپ ئۇنى تۇ-
تۇۋالدى. مەن قاچتىم.
جاۋ: ھەي گودەكلەر، توختۇ زورەكلەر. پاي - پەتەك
بولۇپ كەتسكىنىنى قارا. مەن سىلەرنىڭ كوڭلۇڭ-
لاردا بىر مۇددىئانىڭ بارلىغىنى بۇرۇنلا بىلىۋىدىم.
بىلمەمسەن، بۇگۈنكى ئالەم قانداق ئالەم. ئەمدى
سەن بۇ يەردە تۇرماستىن چاپسان كەت.
داچۇك: تاغا...
جاۋ: داچۇك! سەن غەربى - شىمال تەرەپكە كەت.
چاققان كەت!

داچۇك: تاغا، ئاپام بىلەن شىئەر...
جاۋ: تاغاڭ بولغاندىن كېيىن، بىر گەپ بولا. سەن
كېتىۋە. كۇنلەرنىڭ بىرىدە جاھان ئوز گورۇدۇ.
شۇ چاغدا سەن قايتىپ كېلىپ، تاغاڭنى، ئاناڭنى
كورىسەن. (داچۇك ۋە جاۋلار چىقىپ كېتىدۇ)

## 3 — كورۇنۇش

خۇاڭنىڭ ئويى، خۇاڭ شى رىن چىراق كو-
تۇرۇپ سەھنىگە چىقىدۇ.
خۇاڭ: (ناخشا)

بەختىلىك بولۇپ ئوتتى مېنىڭ ئومرۇم،
ئامباريم ئاشقا، ساندۇغۇم ئاقچىغا تولغان.
گادايلار يەي دىسە يوق، كىيەي دىسە يوق،
ئولارنىڭ تەقدىرى شۇنداق يېزىلغان.
ئات - كالا ماڭمىسا دۇمبالايمەن
چوچقا، قەرى ئولمىسە پىچاق سالىمەن.
قايسى گاداي مەن بىلەن تاكاللاشسا،
ئونى نەس باسىدۇ غەزىۋىم تاشسا.

ئالدىنقى كۇنى داچۇك بىلەن داسو ئىجارە ھەق-
قىنى بەرىشكە ئۇنىماي، قارشىلىق قىلىپ لومونى
ئۇرۇپتۇ، تەخى... مانا بۇ گادايلار بۇزۇلدى دىگەن
سوز. گادايلار - ۋاڭ شى رىننىڭ كېلىمىگىنى ئوي-
لاپ باقمىدى. چاشقانمۇ تۇشۇ كتىين چىقىشتا ئوزى-
نى چاغلاپ ئىش قىلىدۇ. سەنلەر ماڭا قارشى
تۇرۇپ، جاجاڭنى كورمەكچى. داسونى شەنجاڭغا
ئەۋەتىپ قامىتىپ قويدۇم. ۋاڭ داچۇك قەچىپ
كەتتى. قاچسا قەچىۋەرسۇن. مېنىڭچە ۋاڭ داچۇك
قايتىپ كېلىشنى ئويلىسىمۇ، قايتىپ كېلەلمەيدۇ.
شىئەر ما... ھا، ھا... ئونى تەكلىش بىلەنلا
ئانام يېنىدا ئېلىپ قالدى. بىرنەچچە قېتىم ھەر-
كەت قىلساممۇ، شىئەرنى قولۇمغا چۇشۇرەلمىدىم.
بەكاردىن - بەكا ئاۋارە بولۇپ يۇرىمەن. بۇگۇن
ئويانقى مەلىگە بەرىپ ئاغىنىلەرنىڭكىدە مېھمان
بولدۇم. بىر ئىشقا كوڭلۇم تىت - تىت بولىۋاتى-
دۇ ... بۇگۇن ئاخشام ئانامنىڭ ئويىگە بەرىپ،
شىئەرگە بىر قول سالايچۇ. ھاھا... (ئىككى قېتىم
جاڭ سوقۇدۇ)
(ناخشا)
ئىككى جاڭ سوقتى، يا تار ۋاخ بوپتۇ.
ئاستا ئانامنىڭ ئويىگە باراي.
چاققانلىق بىلەن بىر ئەپ تېپىپ،

www.azizisa.org

بۈگۈن كەچە ئىشنى بىر تەرەپ قىلاي.
(چىقىپ كېتىدۇ)
بىرىنچى دېكراتسىيە ئاز قىلىپ، ئىككىنچى دېكراتسىيە ئېچىلىدۇ
(خاگمونىڭ ياتاقخانىسى. خۇگىشى (شىئەر) چىنە بىلەن قايناتقان دورىنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ)
شىئەر: (ناخشا)
بۈيەرگە كەلگىنىمگە نەچچە بولدى،
كۈنۈم ئۆتتى زەھەرلەر يۇتۇپ.
ئاۋۋال ئىيلايدۇ، ئاندىن ئۇرۇدۇ،
ھەر ئاخشامدا زار - زار قاخشىتىپ.
كوز يېشىمغا ئىتەكلىرىم ھول بولۇدۇ
يىغلايمەن كېچىك ئانامغا دەردىمنى ئېيتىپ.
(چېمىلدىقنىڭ سول تەرىپىگە بېرىپ، قىچقىراي دەپ يەنە قىچقىرالماي) خانىم ... (چېمىلدىقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بېرىپ، قىچقىرىشقا يەنە پېتىنالماي) خانىم ... ھەي...
(ناخشا)
خىزمەت قىلماق تەس باينىڭ ئۆيىدە
ئەركىن يۈرەلمەيمەن ئۇيان-بۇيانغا،
كورىدىغان بولدۇم كورمىگەن كۈننى
سەت كورۇنۇپ قالسام ئەگەر خانىمغا.
(چېمىلدىق ئىچىدىن «دورىنى قايناتتىڭمۇ، يوق» دىگەن ئاۋاز).
شىئەر: قايناتتىم، خانىم! (چېمىلدىق ئىچىدىن خۇاگمو قولىنى سوزۇپ قاچىنى ئالىدۇ. چېمىلدىق ئىچىدىن «نېمانچە ئىسسىق بۇ! قايناق دورى بىلەن ئولتۇرۇشنى ئويلىدىڭمۇ؟ ئولتۇرىدىغان! ماڭ بېرىپ سوۋۇتۇپ كەل دىگەن ئاۋاز بىلەن قاچىنى شىئەرگە بېرىدۇ.
شىئەر: (ناخشا)
بىلمىدىم، ئىسسىتامدىمەن، سوۋۇتامدىمەن
بۈگۈنكى خۇيى - پەيلىنى بىلەلمىدىم مەن.
مەڭدەپ يۈرىمەن، بەك ھەرىپتىمەن.
كوزۈم ئاغرىدۇ، كىرپىك قاقمايمەن.
(چېمىلدىق ئىچىدىن «سوۋۇغان دورىنى بەر!» دىگەن ئاۋاز)
شىئەر: مانا، ھازىر
(خۇاگمو چېمىلدىق ئىچىدىن قولىنى سوزۇپ قاچىنى ئالىدۇ چېمىلدىق ئىچىدىن« بۇ دورا نېمە دىگەن ئاچچىق؟ نېمىشكە دورىنىڭ غەلىتە - غەلىتىلىرىنى سېزۈۋەتمىدىڭ؟ ئولتۇرىدىغان جۇۋاينىمەك! مېنى ئولتۇرمەكچىمۇ سەن؟ زۇكۇن!»دىگەن ئاۋاز.
شىئەر: ھە.. (چۆچۈپ) مەن...مەن...(زۇكۇنىدۇ)
چېمىلدىق ئىچىدىن «مەن سېنى ئولتۇرۇۋەتمىسەم جۇۋاينىمەك! ئىچىمىاقەقەمنى سەن! ئاغزىڭنى ئاچ جۇۋاينىمەك!» دىگەن ئاۋاز. چېمىلدىق ئىچىدىن خۇاگمو قولىنى سوزۇپ شىئەرنىڭ ئاغزىغا ئەپيۇن زىخىنى تىقىدۇ.
شىئەر: ۋاي جان! (يىغلايدۇ).
(خۇاڭشىرېن ئاقىدىن كېلىپ ئىشىك تۈۋىدە تىڭلاپ تۇرۇدۇ. چېمىلدىق ئىچىدىن «يىغلىما ئولىدىغان جۇۋاينىمەك» دىگەن ئاۋاز)
شىئەر: مەن...مەن... (يىغلايدۇ)
(چېمىلدىق ئىچىدىن «ئولىدىغان جۇۋاينىمەك» دىگەن ئاۋاز. چېمىلدىق ئىچىدىن خۇاگمو چىقىدۇ)
خۇاگمو: ئولىدىغان جۇۋاينىمەك! (سوپىنىڭ گىنىدىن ئېلىپ سەپىنى بىلەن ئۇرۇدۇ. خۇاڭشىرېن كىرىپ ئاجرىتىدۇ).
خۇاڭشىرېن: ئاپا! سەۋىر قىلىڭ ئاپا! (ئانىسىنى يولەپ كارۋاتقا ئولتۇرغۇزىدۇ)
خۇاگمو: خۇاڭشىرېن! نېمە دەپ كەلدىڭ سەن؟ (شىئەرگە قاراپ تېزرەك ئورنۇڭدىن! (شىئەر ئومۇلەپ ئورنىدىن قوپۇدۇ).
خۇاڭشىرېن: ئاپا، ئىككى كۈندىن بېرى ئانچە مىجەزىڭىز يوقتەك تۇرۇدۇ. شىئەر سىزنىڭ دىلىڭىزنى رەنجىتىپ قويغان ئوخشىمامدۇ.
خۇاڭمو: خۇاڭشىرېن شۇنداق كەچىدە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟
خۇاڭشىرېن: ھە، سىزنى يوقلاپ كەلگەچ، خۇگىشىنى ئۆيۈمگە بېرىپ ئازىراق ئىش قىلىپ بەرمەمدىكىن دەپ چاقىرغىلى كەلگەندىم.
خۇاڭمو: شىئەر ماڭا دورا قايناتىپ بېرىدۇ.
خۇاڭشىرېن: ھە ...
خۇاڭمو: خۇاڭشىرېن، سەن ھاراق يىپ تۇرىسەن. ئاستا بېرىپ ئۇخلا!
خۇاڭشىرېن: خوپ... ماقۇل، مەن ... ئاپا سىز ئارام ئېلىپ بىر ئاز تاماكا چەككىلىك، خاپالىقىڭىزنى باسىدۇ (خۇاڭشىرېن تاماكا تەييارلاپ ئانىسىغا بېرىدۇ، خۇاڭمو تاماكا چېكىشكە باشلايدۇ. خۇاڭشىرېن چېمىلدىقنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

www.azizisa.org

شیئەر یۈرە...

شیئەر: (ھەدۈقىپ) خوجایین...سیز...

خۇاڭشىرېن: خۇاڭشىرېن نەمە بولدی، سەن تەخی کەتمیە-یېکسەن؟

خۇاڭشىرېن: ئاپا مەن شیئەرگە گەپ قىلىۋاتیمەن. بۇ-نىڭ ئانىغى یەنیك بالا ئەمەسمەن...(شیئەرنیڭ قولیە-نى تارتیدۇ) سەن ئاپامنیڭ خیزمەتچیسى...(دۈمە-سىگە تۈرۈپ).

شیئەر: (قىر قوتۇشلۇق بیلەن) ئا ! .

(خۇاڭمو خاپا، چیمیلدىق ئیچیدین چیقیپ ئولتۇرۇ-رودۇ)

خۇاڭمو: ئولتۇریغان جوۋاینیمەك سەن یەنە نەمە غەلۋە قىلیسەن؟

خۇاڭشى: ھەی، ھەی ئاپا؟ مەن ئەتە یەسزیغا بەریپ بىرخىقىر چەك شەنسیگنى قیچقیریپ کەلەی سیزنى بىر كۆرۈپباقسۇن.

خۇاڭمو: ھەی....(جاڭئەرشین چای كۆتۈرۈپ کیریپ جایىنى خۇاڭمونڭ كارۋىتینیڭ قەشیغا قویىدۇ)

جاڭ: (ئەھۋالنى كۆرۈپ) خانیم! خوگشى سیزنى خاپا قىلیپ قویغان ئوخشیمامدۇ!(خۇاڭشىرېنگە قاراپ) خوجایین، سیلیمۇ کەتیکەندىلا. خەلی کەچ بولۇپ کەتتى بەریپ ئارام ئالسیلا بولغان ئەمەسمۇ!

خۇاڭشىرېن: ھەی، جاڭئەرشین...

جاڭ: خانیمنیڭ كۆڭلینیڭ ئارامی یوق. خەلسى بیر ۋاخ بولۇپ کەتتى... خوجایین ... قایتیپ بەریپ ئارام ئالسیلا.

خۇاڭمو: خۇاڭشىرېن، سەن قایتیپ چیقیپ ئوخلا:

جاڭ: (شیئەرنى ئیشتیریپ) ئوھ. خوجایینسیلینیڭ چیر-راقلیری مەیەدە! (چیراقنى خۇاڭشىرېنغا بېریدۇ)

خۇاڭمو: خۇاڭشىرېن، سەن قایتیپ کەت! شیئەر ماڭا دورا قاینیتیپ بیریدۇ.

خۇاڭشىرېن: [illegible] ئیلیك! (جاڭغا قاراپ) جاڭ ئەرشین، ئەتە مەنیڭ كویۈنەك - ئیش-تانلیرمنى يۇيۇپ بەر!

جاڭ: ماقۇل خوجایین! (خۇاڭشىرېن چیقیپ کەتیدۇ)

جاڭ: شیئەر، كەل! خانیمغا دورا قاینىتیپ بەرگین!

(شیئەر قوپۇپ قاچینى ئالیدۇ. جاڭ قولى بیلەن شیئەرنى ئولتۇرۇشقا ئیشارەت قىلیپ، ئوزى دورا قاینیتیشقا كیریشیدۇ. شیئەر جیم. جاڭئەرشینچیە-میلدیقنى ئۆيلەپ قالغاندەك قاراپ قويىدۇ)

جاڭ: خوگشى! سەن قانداق قىلیپ خانیمنیڭ ئاچچیغیە-نى كەلتۈرۈپ قویدۇڭ؟

شیئەر: خانیم، دورینیڭ غەلدە - غەشلیرینى ئەلۋىتىپ پاكیزە قاینىتالمایسەن، دەیدۇ، بیر تۇرۇپ ئاچچیق بولۇپ كەتتیمۇ دەیدۇ. مەن پاكیزە قاینىتاقان ئەدیم.

جاڭ: (ئەپرەت بیلەن) ھە، ئۇنۇڭ ئاغزى ئوزى ئەپیۇن چەكیپ ئاچچیق بولۇپ کەتکەن (چیمیلدیق ئیچیدین «جاڭئەرشین، سەن نەمەداۋاتیسەن»دیگەن ئاۋاز)

جاڭ: ھە، خانیم، خوگشیغا ۋیغلیما، خانیمنیڭ ئاچچیغى كەلیدۇ داۋاتیمەن.

خۇاڭمو (چیمیلدیق ئیچیدین) ھە...

جاڭ: (پەس ئاۋاز بیلەن) خوگشى، سەن بۈگۈن كەچ ناماق یىمیدیڭ. قورساغوڭمۇ ئاچقاندۇ! (یېڭگینیڭ ئیچیدین بیرجیڭ مومۇنى چیقیریپ) مەمانى یە!

شیئەر: (ئیچیتاپ قالغان كیشیدەك جیڭ مومۇنى ئاغزیغا تیقیدۇ. ئاغزى ئاغریغاندەك تەن) ۋای جان!..

جاڭ: (ھەیران بولۇپ) نەمە بولدى (شیئەرنیڭ ئاغ-زیغا قاریسا جاراھەتلەنگەن) ۋای ئەی، ئەپیۇن زیە-خینى سانجىۋەتكەن ئوخشیمامدۇ (ئیچینیپ، نەپە-رەتلىنیپ) ۋایەی.. مەن ئاشخانیغا چیقیپ، ئو-غۇرلۇقچە بیر ئاز دورا قاینیتیپ ئەكلیپ بیە-رەی، ئاغزیڭغا ئالغین.

شیئەر: (ئازاپلینیپ) یاق... كەرەك ئەمەس...

جاڭ: (خانیمغا قاراپ) ھە... خانیم ئوخلاپتۇ (شیئەرنیڭ قەشیدا ئولتۇرۇپ، ئوتنى یەلپۈپ) ھەی خوگشى، دەت تۇسقۇنگە دەت. دەردیمیزنى پەقەت ئانا - بالا ئیككەیلەنلا بیلیمیز. مەن بۇ ئويگە خیز-مەت قىلیپ بەریش ئۈچۈن، یا بولمیسا باشقا بیر ئیش ئۈچۈن كەلگینیم یوق. پەقەت ئیجارە بە-دیلیگە كەلگەنمەن. بیر نەچچە ییلدین بەری مەنیڭ كورمیگینیم ئاز قالدى. بۇلەر مانا شۇن-داق ئیجارە بەدیلیگە كەلگەنلەر بیز: بۇ موشەق-قەتلیك كۈن، ھەی!... (ئاستا ئاۋاز بیلەن) خوگ-شى، مەن سەنگا بیر سوز ئەیتەی، سەن ئوزەڭنى یوقاتما!

www.azizisa.org



«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى 1951 - يىلى 4 -5 سان. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورى www.azizisa.org

شېئەر: كىچىك ئانا!

جاڭ: داچۇڭ بىلەن داسۇتى خوجايىن قەرزنى بەرگىن دەپ قىستاپ مورىنجىنى ئەۋەتىپتىكەن. ئۇلار مورىنجىنى ئازاقۇرۇپتۇ. بىراق داسونى ئۇتۇۋېلىپ، خوجايىن سولىتىپ قويدى. داچۇڭ قېچىپ كېتىپتۇ.

شېئەر: ھە! (تىترەپ ئېغىز يارسىز يىغلايدۇ)

جاڭ: (ئۇنى بېزلەپ) بۇ ئىشتا بىر ئايىغى بولدى. مەن سېنىڭ بۇنى ئاڭلاپ يامان بولۇپ كېتەمدىكىن دەپ ئېيتمىغان ئىدىم.

شېئەر: ئاھ... ھاممام!...

جاڭ: ئاغاڭ جاۋداشۇ ئۇنىڭغا خەۋەرى - خاھلىقى قىلىپتۇ. قوقما! ئىش مانا شۇنداق...... ئىلاج يوق. ئۆزەڭنى يوقاتما. خوشناكلارنىڭ ئەھۋالى مانا شۇنداق. بۇ مۇشەققەتلىك كۈنلەر موتۇتۇپ كېتىدۇ.

شېئەر: (ئۆزىنى ئەخىر بەسىپ تۇرىدۇ. كەچكى ئۈچۈنچى جاڭ سوقۇلىدۇ)

جاڭ: جاڭ ئۈچىنچى سوقتى... خانىم ئۇخلاپ قالدى. خوجايىنمۇ ئارام ئالغىلى كەتتى. خوشكىشى مەن ساڭا دورا قاينىتىپ كېلەي. ئاندىن ئۇخلايمىز. ئۇياقتا - بۇياقتا ماڭمىغىن. مەن ئەنسىرەيمەن (چىقىپ كېتىدۇ)

شېئەر: (دورىنى قاينىتىپ، ناخشا ئېيتىدۇ)

كەچە بەك قاراڭغۇ، ئۈچىنچى سوقتى جاڭ،
كۆڭلۈم بۇزۇلدۇ ئېيلىغانسېرى.
غەرىپ دادام قىسىلىپ ئۆلدى،
يوقالدى داچۇڭ كۆزۈمنىڭ نۇرى.
نېمىشكە گادايلار دەرت بىلەن ۋەيران
نېمىشكە بايلار بولدۇ چايان.
بۇنداق قىلىپ كۈن قانداق ئۆتىدۇ.
بۇ ئېغىر كۈنلەر ئۆتىدۇ قاچان؟...

شېئەر: (مۈگدەيدۇ، دورا قاينايدۇ. چۆچۈپ) ئاھ. (ئالدىراپ دورا قاينىتقان چەينەكنى كۆتۈرىدۇ. چەينەك چۈشۈپ كېتىپ، دورا يەرگە تۆكۈلىدۇ. مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ)

بەختىم قايدى، كۆڭلۈم ئەزىقتى.
چەينەك سۇندى دورا تۆكۈلدى.
مەن... مەن... قۇتۇلاي بۇ ئاپەتتىن.
قورقىمەن پەقەت يالغۇزچىلىقىمدىن
مەن نەگە قېچىپ، نەگە كېتەي

قۇتقاز خۇدايىم مېنى بۇ دەرتتىن.
(زوڭرۇپ چىقىپ كېتىدۇ)

بىرىنچى دېكوراتسىيا ئېلىنىپ ئىككىنچى دېكوراتسىيا ئېچىلىدۇ، شېئەر پەردىنىڭ يېنى بىلەن سەھنىگە چىقىدۇ)

شېئەر: (ناخشا)

ئۈچ جاڭ سوقتى، يېرىم كېچە، كۆزۈم كۆرمەيدۇ
يول قاراڭغۇ، ئىشت كۆپ يول ماڭدۇرمايدۇ.
قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ كەينىمدىن بىر كىم.
مەن قاچالامدىمەنكىن بۇ قېتىم.

(ئالدىدىن خۇاڭشىرېن چىراق كۆتۈرۈپ سەھنىگە كىرىدۇ. شېئەر چەكچىيىپ قالىدۇ)

خۇاڭشىرېن: (كۈلۈپ) ھاھا... ماۋۇ ئىشنى قارا! خوشكىشى سەن قانداق قېلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ. خوشكىشى! (شېئەرنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرىدۇ).

شېئەر: (تىترەپ) ئاھ!... (خۇاڭشىرېننى كۆرىدۇ)

خۇاڭشىرېن: خوشكىشى، سەن بۇ يەرگە قانداق قىلىپ كېلىپ قالدىڭ.

شېئەر: مەن... مەن...

خۇاڭشىرېن: خوشكىشى، سەن ماڭا ياخشى بىر ئىش قىلىپ بەرگىن. مەن سېنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ ئۇزۇن كەن ئىدىم. كەل، مەيدەمگە!

ئىككىنچى دېكوراتسىيا ئېلىنىپ، ئۈچۈنچى دېكوراتسىيا ئېچىلىدۇ. (خۇاڭشىرېن شېئەرنى ئىشتىرىپ ئۆيىگە ئەكىلىپ كىرىدۇ. بىر قولى بىلەن ئىشىكنى يېپىپ قويىدۇ. بۇ خوجايىننىڭ كىتاب ئوقۇيدىغان ئۆيى بولۇپ، تامغا زور بىر يولۋاسنىڭ ئولتارغان رەسىمى ئېسىلغان)

شېئەر: (ھودۇقۇپ) ئاھ... (چىقىپ كەتمەكچى بولسىمۇ، لېكىن خۇاڭشىرېن توساپ ئالىدۇ.)

خۇاڭشىرېن: (شېئەرنىڭ قولىدىن تارتىپ) خوشكىشى، بۇياقتا كەل. (خۇاڭشىرېن كۆزلىرىنى قورقۇنۇشلۇق ھايۋاندەك پاقىرتىپ شېئەرنى تارتىدۇ) كەل، بۇياقتا!

شېئەر: ئاھ! (تىترەيدۇ) كىچىك ئانا، كىچىك ئانا.
(ئۆزىنىڭ ئادىشىپ خۇاڭشىرېننىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالغىنىنى سېزىپ چىقىرايدۇ)

خۇاڭشىرېن: ھەي، ھەي... سەن يەنە توۋلامسەن! سەن قېچىپ كېتەلمەيسەن. كەل! (كەينىدىن قو...

www.azizisa.org

...ىپ چىقىپ كېتىدۇ. كەچكى جاك بەشىنى سىرقىدۇ.
...ىزرۇلۇشكە باشلىغان)

## 4 — كۆرۈنۈش

(جاك ئەرشىن ئالدىراش سەھنىگە كىرىپ كېلىدۇ)
جاك: خۇگشى، خۇگشى!. (ناخشا)
خۇگشى ئاخشام ئازا يىگەنلى،
يىلله ئولتاردىم يەرىم تۈنگىچە.

تۈن قاراڭغۇلۇشۇپ، جىم - جىت بولدى
ئوخلىغىن دەپ مەن كەتتىم ئۆيۈمگە.
ئاق ئاتاندا كەلسەم ئۆگۈڭدە يوق
ئىزدىدىم ھەر يانىنى، يا دەرىگى يوق.
خۇگشى! خۇگشى! (چىقىپ كېتىدۇ).
(شىئەرنىڭ چاشلىرى چۇگۇلغان. كەيىملىرى پۈر-
لىشكەن. يۈز - كۆزى ياش: ئانا ماڭغان ھالدا
كىرىپ كېلىدۇ. شىئەر ئېشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ
ئاچاقچى بولۇپ يەنە كەينىگە يانىدۇ. ناخشا ئېيتىدۇ)

بىچاق سالدىڭ، پالتا بىلەن چاپتىڭ خۇدا،
ئايىق ئاستى قىلدىڭ، مەن نەمە قىلغان ساڭا؛
خوجايىن ئۆيىگە كەلگەندىن بېرى
كۆرمىگەن بۇنداق بولۇشنى ئەسلا.
قالدىم تۇغقان مەنى، دادام باققان،
نەمە تۇغۇلدۇغۇن تۇغدىڭكىن ئانا،
نەمە دەپمۇ باقتانسەن دادا.

ئاھ... مەن نەمە دەپمۇ خەقنىڭ يۈزىگە قارارمەن.
مەن قانداقمۇ ياشايمەن؟ دادا!.. دادا!.. مەنى
كىچىرۈڭ! ھاما، داچۇك ئاكا! سىلەرگە قايسى
يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟ (ئولتۇشكە قارار قىلىپ،
ئۆي ئىچىدىن بىر ئارغامچىنى ئېلىپ قوليغا ئالىد-
ۇ) دادا! مەن سىزنىڭ كەينىڭىزدىن كېتىمەن.
(ئارغامچىنى سىرتماق قىلىدۇ. جاك ئەرشىن، كىر-
ىپ قالىدۇ. ئېشىكنىڭ يوچۇقىدىن شىئەرنى
كۆرۈپ)

جاك: خۇگشى، ئېشىكنى ئاچ!
شىئەر: (چۆچۈپ) ئاھ! ... (ئېترەپ ئارغامچا قولىدىن
چۈشۈپ كېتىدۇ)
جاك: مەن، سەننىڭ كىچىك ئاناڭ! ئېشىكني چاقىرىپ-
ۋاق ئاچقىن!

شىئەر: (ئېشىكنى ئاچىدۇ. جاك ئەرشىن كىرىشى بىلەن
شىئەر ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ) كىچىك
ئانا! .. (يىغلايدۇ)
جاك: خۇگشى اسەن ...
شىئەر: مەن ... مەن ...

جاك: (ئارغامچىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى بىلىدۇ) خۇگشى!
سەن نېمىشكە بۇنداق قىلىشنى ئويلىدۇڭ! زادى
بولۇدىغان ئىش ئەمەس بۇ.
شىئەر: كىچىك ئانا... (يىغلايدۇ)

جاك: بالام، سەن ئەقلى- ھوشۇڭدىن ئازغان ئوخشىمامسەن.
سەن نېمىشكە مۇنداق قىلماقچى بولدۇڭ؛ زادى
بولمايدىغان ئىش بۇ بالام!

شىئەر: كىچىك ئانا .. مەن ... كىشىلەرنىڭ يۈزىگە
قارالمايمەن ...

جاك: بولدى مەن بىلدىم!... بۇ ئىشتا مەنمۇ ئەيىپلىك.
مەن ساڭا خەيرى-ناھلىق قىلالمىدىم.

شىئەر: كىچىك ئانا! مەن بۇ دۇنيادا ياشالمايمەن.
جاك: بالام ئۇنداق كەلسە - كەلمەس گەپنى قىلما!
ئىش مانا شۇنداق يەرىگە بېرىپ يەتسىمۇ، نەمە
گەپ بولسا بولسۇن، ياشاش كېرەك. بالام، سەن

تەخى ياش! ئون گۈلۈڭنىڭ بىر گۈلى ئېچىلـ-
مىغان. مەن كىچىك ئاناڭ بار بىر كۈنى بـول-
مىسا بىر كۈنى داداڭنىڭ ئەنتىمىنى ئالىمىز ...
(شىئەرنى يۆلەپ ياشلىرىنى ئېتىدۇ. شىئەرجىم...)
جاك: يىغلىما، مەن بىلەن بىرگە چىقىپ ئارام ئالـ-
غىن! (داشىك كىرىدۇ)

داشىك: خۇگشى، خۇگشى! (شىئەر بىلەن جاكنى
كۆرۈپ) ۋىيەي، خۇگشى سەن بۇيەردىمۇ تەخى...
تۈنۈگۈن ئاخشام ئۆز بەشىمچىلىق قىلىپ، ھەرقا
ياققا چىقىپ كېتىپتىكەنسەن. خانىم چاپسان قىچ-
قىرىپ كەلسۇن دىدى! (شىئەر چۆچۈيدۇ)
جاك: بالام يۈرى!

شىئەر: كىچىك ئانا! .. (جاكنى قۇچاقلاپ ئالغانچە
قويۇپ بەرمەيدۇ)
جاك: خۇگشى يۈرى، بىللە بارىمىز (ئۈچى چىقىپ
كېتىدۇ)

پەردە چۈشىدۇ.

www.azizisa.org

# ئۈچىنچى پەردە

## 1- كۆرۈنۈش

(1) ۋاختى بىرىنچى پەردىدىكى ۋاقىئەدىن بىر ئاي كېيىن ئورنى خوالىمونىڭ ئۆيىدە، خوالىشى رىن، مو-رىن جى قولىدا باغاق كوتەرگەن ھالدا كىرىپ كەلىدۇ. داشىڭ چاي كوتۈرۈپ كىرىدۇ. لۇ كەچەكلەر بىر يەرگە ماڭىدىغان قىياپەتتە كىرىدۇ. جاڭ ئەرشىن قەۋەت. قەۋەت ئاۋا - دۇر دۇنلارنى كوتۈرۈپ كىرىدۇ. خوالىمو چاي خۇنىلىرىنى كوتۈرۈپ كىرىدۇ. خوشال بىر كەيپىياتتا)

خوالىشى رىن: كۈزدە ئېچىلغان قىزىل گۈل

ھەممىسى: ھويلىدا پۇراپ كەتتى.

خوالىشى رىن: توي ئىشىغا كىرىشتۇق.

ھەممىسى: ئۆيدىكىلەر ئالدىراپ كەتتى.

مو: بىزنىڭ خوجايىننىڭ ئەسكەر باشلىقى بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيلەنمەكچى بولۇشى خوشاللىق ئۈستىگە خوشاللىق.

خوالىشى رىن: ۋاقارقى ئۆي ئالدىراش.

ھەممىسى: تۆۋەنكى ئۆيمۇ ئالدىراش
ھەممە يەزلا ئالدىراش

مو: قاراپ بېقىڭلار. خوجايىننىڭ توي ئىشىغا تەييارلىق قىلغان ۋاختىمىزدا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەر بىرسىمۇ قالمىدى. خوشال بولغان.

خوالىمو: يېڭى چاپان يېڭى يوتقانلار پاتراق تىكىلسۇن (جاڭ ئەرشىن بىلەن داشىڭ ئاۋازلارنىڭ تەۋەتلىرىنى ئەجىشقا باشلايدۇ. خوالىشى رىن، خوالىمو، مورىن جىلەر ھەجىيىپ تۇرۇدۇ.

ھەممىسى: قىزىل كوك ئاۋاردا يا گەزا - يا گزا گۈل

خوالىمو: چاقتان گەزلەپ، چاقتان پىچايلى.

ھەممىسى: ئۈستى باشلار تەييار بولسۇن.
كىرۋات ئۈستىگە يوتقان - كۆرپىلەر
كېيىگىلى چاپان، كېيىگىلى ئوكلەر.
قويغىلى ياستۇق، ياپقىلى يوتقان.
ھەممىسىنى راسلايلى چاققان.

خوالىمو: ئۇرۇق، دۆقتانلارغا يازايلى باغاق.

مو: مەن باغاقلارنى يازىمەن چاپسان.

خوالىشى رىن: شەندا گېزۇنىڭ باشلىقى سوك شۇجىجاڭنى، ليوشەنجاڭنى، لى تۇەن زۇڭنى ...

خوالىمو: ئۇرۇق-تۇققان، خولۇم-خوشنىلارنى، تاغىمىزنى...

مو: بىردىن - بىردىن يازىمەن.

ھەممىسى: ۋاختى كەلگەندە كەلدۇ مىھمان.
ئەرۇ - خوتۇن، ياشۇ-لوخان.

خوالىمو: جاڭ ئەرشىن بېرىپ تۆۋەنكى ئۆيدە كىيىم تىكىۋاتقانلارغا قاراپ باقسىنا، نەملەر قىلىۋاتىدىكىن ئۇلار.

جاڭ: خوپ.

خوالىمو: داشىڭ، تاماقنىڭ تەييارلىقى قانداقكىن سەن قاراپ باقسىنا!

داشىڭ: خوپ خانىم.

خوالىمو: لومو، سىز ھەممىسىنى توي ئىشىغا ئالدىرىتىپ قويۇڭ.

مو: خوپ بولىدۇ، خانىم.

ھەممىسى (ناخشا)

ھويلىنى قاپلىدى گۈلنىڭ پۇرىقى
بىزنى ئالدىراتتى توي تەييارلىقى.
كوز تالدى كۈتۈپ تۇينىڭ كۈنىنى
ناغرا - كارناي بىلەن قارشى ئالىمىز يەڭگى كەلىننى
(مورىن جى، جاڭ ئەرشىن، داشىڭلار چىقىپ كېتىدۇ)

خوالىمو: خوالىشى رىن، شەھەردىن ھېلىقى گورۇ كەشر چىقتىمۇ، يوق؟

خوالىشى: كەلگىنى يوق تېخى. مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرىدىغان ئىشى بولسا، جېنىنى ئالىمەن ئۇنىڭ. توۋا، گۈن ئۇنى تەپ كەلگىنى ئادەم ماۋەن كەن ئەمەدىم.

خوالىمو: شۇنداق بولسىمۇ، چاقىرىراق بولۇش كېرەك. شىئەرنىڭ قوشىغى كۈندىن - كۈنگە پوم-پوم يۇپ كېتىپ بارىدۇ. خوشال كۈنلەرمۇ يېقىنلاپ كەلدى. ئەگەر بۇ ئىشنى چاققانراق قىلمايدىغان بولساق، كېيىن داۋرۇقى چىقىدۇ. ئۇ چاغدا شىئەرنىڭ ئاساپىتى بىلەن بىزنىڭ ئائىلىنىڭ نامى بولغۇنۇپ كېتىدۇ.

خوالىشى: مېنىڭچىمۇ شۇنداق قىلىش لازىم. بۈگۈنكى كۈن ئىچىدە لومو شىئەرگە قاراپ تۇرسۇن. ئۇنىڭ بىر يەرگە قېچىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. شۇڭلىچە شىئەرنى ئادەم كورمەيدىغان تەپ - تىنچ بىر يەرگە سولاپ قويساق.

www.azizisa.org

خۇاڭشىرىن: (ماقۇل كورۇپ) ناھايىتى ياخشى (ھەممىسى
چىقىپ كېتىدۇ. مورىن جى كىرىپ)

جاڭ: (باغاقلارنى ئەلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، بىر تۇرۇپ
كېتىپ) ھە، راسلا ... خوجايىن مەنى خۇڭشىغا
قاراپ تۇر دېۋىدى ... ۋاي، نېمە قىلاي ئۈزۈمنىڭغا
قاراپ تۇرۇپ (دالانغا موكۇپ ئالىدۇ. شىئەر
جىلەك كوتۇرۇپ كىرىدۇ. قوسىغى پومىيىپ تولغان
(يەتتە ئايلىق بولغان) تەسلىكتە ماڭىدۇ. چىرايى
سولۇق، ئورۇقلاپ كەتكەن)

شىئەر: (ناخشا)
يۈز ھالغا قالدىم؛ يەتتە ئاي بولدى
كۆز ئاستىدا ياش نال يەڭچىلىپ قالدى.
نومۇس قىلىمەن، ئىچىمدە يىغلايمەن.
تەنىم ئاغرىدۇ، بۇنى ھېچ ئېيتالمايمەن.
ئېش بۇ يەرگە كەلدى، يول تاپالمايمەن.
ھەي، ئىلاجىم يوق. يەقەت ئۆزۈم كۆتۈش لازىم. ئاگ-
غىچە بەشىمنى توۋەن سېلىپ كۈن ئۆتكۈزۈمەن.
(يېڭە كىرىپ شىرە ئۈستىدە تۇرغان قىزىل
قۇلار، باغاقلارنى كورۇپ) ۋايىيەي! ... توبىغا
تەييارلىق قىلغان بولۇشى كېرەك... خوجايىن...
... (مورىن جى يوتۇلۇپ، موكۇپ ئالغان
يەردىن چىقىدۇ)

جاڭ: (سەھنىگە كىرىپ) ھە، خۇڭشى نېمىشكە كەلدىڭ
شىئەر: خانىمغا ئىسسىق سۇ ئەكەلگەن ئىدىم.
جاڭ: كىرسام سەن خوشال مەنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگىن-
لىكىنى بىلمەيسەن.
شىئەر: مەن نەدىن بىلەي.
جاڭ: ھە. مانا قارا! ... (باغاقنى قولىغا ئېلىپ) بۇ نېمە؟
شىئەر: تېبىكىن ئاك!
جاڭ: باغاق. توينىڭ تەييارلىقى. ھەي. مۇشۇ بىر نەچچە
كۈندىن بېرى ھەممىلەن ئالدىراشلىق بىلەن توي-
غا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز. سەن تېخى بىلمەيسەن.
بىر ھېلى سەنى ...... سەن بەختلىك بولامسەن؟
خوشال - خورام بولغۇڭ كەلمەمدۇ؟ خانىم سەنى
مۇشۇ بىر نەچچە كۈنگىچە بىر يەرگە يەرىشقارۇخ-
سەت قىلماقلار دېگەنسەنى. سەن بىر يەرگە بارماي
جىم يۈرگىن (چىقىپ كېتىدۇ)
شىئەر: مورىن جىنىڭ نېمە دېگەن گېپى ئەمكەندا بۇ؟
(خۇاڭشىرىن كىرىدۇ)
شىئەر: ھە ... سىز!

خۇاڭ شى رىن: ھە، خۇڭشىما (يېنىپ چىقىپ كەتمەكچى
بولىدۇ)
شىئەر: (توساپ) سىز ... تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن سىزدىن
بىر گەپ سورايمەن.
خۇاڭ شى رىن: ھەي، ھەي، خۇڭشى، مەنىڭ ئىشىم بار.
شىئەر: بىر ئېغىز گەپ سوراي مەنزادى.
خۇاڭ شى رىن: تېخى، بولىدۇ، ھە؟ (بىر باغاقنى ئەلىپ
ئەرەن قولماي ئاگلايدۇ)
شىئەر: مەنىڭ قوسىقىم كۈندىن - كۈنگە يوغىناپ كەت-
تى. مەنى قانداق قىلسۇن دەيسىز. خەلقلەر مەنى
مەسخىرە قىلىدۇ. مەن ئولۇۋالاي دېسەم ئولمە-
دىم. مەنى قانداق كۈن كۆچۈرۈدۇ دەيسىز؟
خۇاڭشىرىن: ھە! (چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ)
شىئەر: (توساپ تۇرۇپ) خوجايىن سىز ... (يىغلايدۇ)
خۇاڭشىرىن: ھەي خۇڭشى، نېمىشكە يىغلايسەن. ھەي
خۇڭشى. سەن بىلمەيسەن ئەمەس، بىلىسەن. ۋاقىت
كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە كېلىدۇ. سەن ئالدى بىلەن
ئۆيدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، ئويلاپ - بۇيلاپ بار-
ماستىن ۋاقىتنى كۈتۈپ تۇرغىن. مەن ھازىر ئال-
دىراش. توي تەييارلىقى بىلەن بولۇۋاتىمەن.
(چىقىپ كېتىدۇ)
شىئەر: (قېتىپلا قالىدۇ)، جاڭئەرشىن بىر نەچچە كىيىم-
لىك رەختلەرنى كوتۇرۇپ كىرىدۇ) كىچىك ئانا.
جاڭ: خۇڭشى سەن بۇ يەردىكەنسەن نېغۇ؟
شىئەر: كىچىك ئانا نېمە بۇ ئەكىرگىنىڭىز؟
جاڭ: مەن يېڭى كەلىن ئۈچۈن بىر نەچچە كىيىم تىك-
تۈرۈپ بەرمەكچىمەن
پىچىقىم.
شىئەر: ھە ... كىچىك ئانا! توبىغا تەييارلىق قىلىنىۋاتقان
بولسا كېرەك ھە؟
جاڭ: خۇڭشى، مەن ساڭا ئېيتىپ قويۇشۇم كېرەك. يۈر،
بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ، شۇ يەردە ئېيتاي (جاڭ
شىئەرنى ئەگەشتۈرۈپ، چىقىپ كېتىدۇ).
ئىككىنچى دېكوراتسىيىدا ئېچىلىدۇ.

شىئەر: كىچىك ئانا!
جاڭ: خۇڭشى، سەن مۇ بىلىسەن. تۇ كۈنلەرمۇ كوزنى
يۇمۇپ ئاچقىچە يېتىپ كېلىدۇ.
شىئەر: مەن بىلىمەن.
جاڭ: سەنمۇ بىلىدىغانسەن.

www.azizisa.org

شىيەر: مەنىڭ بىلىشىمچە، قوسۇغۇم 7 ئايلىق بولدى. بۇنىڭغا بىر ئىلاجمۇ باردەك. شۇنداق قىلىپ قوسۇغۇمدىكى بالىمۇ ھەساپقا ئوتتۇدىغاندەك.

جاڭ: (ھەيران بولۇپ) خۇگشى سەن نىمە دەيسىنا!

شىيەر: بايا خۇاڭ شى رىيىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مەنى ئالىدىكەن.

جاڭ: ھە! سەن جېلىمە! سەن خانا ئاڭلاپسەن.

شىيەر: (ھاڭ تاڭ بولۇپ) كىچىك ئانا، سىزنىڭ نىمە دېگىنىڭىز بۇ.

جاۋ: (ناخشا)

خۇگشى سەن خەلىلا ئايلىنىپسەن.

ئالىدىغان كەلىن سەن ئەمەسسەن.

شەھەر ئىچىدە بىر باي قىزى بارمىش،

شۇنى بولار كەلىن قىلارمىش.

خۇگشى سەن ئويلاپباق، سەندەك - مەندەك

ئىچارە بەدبەختلەرنىڭ خوجايىنىنىڭ نەزىرىدە ئادەم ئەمەس.

شىيەر: كىچىك ئانا بولدى، بۇ مەنىڭ دوتلىكىم. خۇاڭ شى رىن مەنىڭ دۈشمىنىم. ئۇ مەنى ئەمرىگە ئالغان تەقدىردىمۇ، مەن دەت - ئەلەم چەكىمەن. مەنىڭ قوسۇغۇم كۈندىن - كۈنگە يوغۇرۇپ كەتىۋاتىدۇ. ئىلاجىم يوق مەن ...

جاڭ: ھەي ... مەن ئويلايمەن. بالا تۇغۇلغاندا ماڭا بەر. مەن ساڭا چوڭ قىلىپ بېرىمەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىن قۇتۇلۇپ، كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئامال تېپىلا. خوجايىنىنىڭ ئويلىنىشىنى مەن ساڭا بۇرۇن ئېيتمىغان ئىدىم. كىم بىلىدۇ دەيسەن.

شىيەر: كىچىك ئانا، مەن بىلدىم. بۇ تۇرقىدا ئۇلار توي قىلىدىغان بولدى. خۇاڭشى رىن مەنى ئالىدۇ ئەمەس. ئۇنىڭ خاتىرجەم بول دېگىنىنى قارا. مەن كىچىك بالا ئەمەس. ئۇ مەنى شۇنداق خاراپ قىلىۋەتتى. مەن بىراۋنىڭ يۈزىگە قارىيالىدىغان بولدۇم. ھەي ... مەن داداڭغا ئوخشاش ئەمەس. مەن دەردىمنى چىقىرىدىمەن.

جاڭ: (ۋىغلاپ) سەن ئوبدان بالا، كىچىك ئانا گمۇ سەنى كىچىك بالا كورمەيدۇ، سەنىڭ مۇنداق نىيىتىڭ بار ئىكەن، مەنمۇ ساڭا كۆپ ئىچىنىمەن.

شىيەر: كىچىك ئانا، (ئىتىرەپ گەپ قىلالماي، جاڭنىڭ قۇچۇغىغا ۋىقىلىدۇ. پەردىنىڭ كەينىدىن «جاڭ - گەرشىن! خانىم قىچقىرىۋاتىدۇ» دېگەن ئاۋاز)

جاڭ: مەنى قىچقىرىۋاتىدۇ، خۇگشى، سەن ئارام ئەلىپ تۇرغىن، مەن ھازىر كەلمەن. (ئىشىكتىن چىقىشىدا بۇرۇلۇپ قاراپ) يانا بىر تەرەپلەرگە چىقىپ كەتمەسە. (ئىشىكنى يەپىپ چىقىپ كەتىدۇ. شىيەر جاڭنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى كورۇپ، ژۈرۈگى كۆيگەندەك بولۇپ، بىر يەردە تۇرالماي، ئاخىرى ئىشىكنىڭ تەشىغا چىقىدۇ، ئالدىدىن خۇاڭشى رىن كىرىدۇ).

شىيەر: (ھەسرەتلىنىپ) خوجايىن!

خۇاڭشى رىن: (رەڭگىنى تۈزۈپ) خۇگشى، سەن نەمىشقا بۇ يەرگە كەلدىڭ؟

شىيەر: (يەقىنلىشىپ) خوجايىن، سىز...

خۇاڭشى رىن: ھەي خۇگشى، چاپسان قايت! بۇ ھويلىنىڭ ئىچىدە سەنى بىرسى كورۇپ قالسا، ياخشى ئەمەس.

شىيەر: (چوڭ ئاۋاز بىلەن) خۇاڭشى رىن!

خۇاڭشى رىن: نىمە بولدۇڭ؟ (چوچۇپ) سەن!

شىيەر: ھارپا كۈنى دادامنى ئولتۈردىڭىز، ئەتىنىڭ بىرىنچى كۈنى مەنى ئۆيىڭىزگە ئەكەلدىڭىز. مەن ئۆيۈڭلارغا كەلگەندە، بۇ يەردىكىلەر ھەم سىز مەنى ھەيۋانداق كىشىدىن قاچۇرمىدىڭلا ھەتتا ئايىغىڭلاردا دەسسەپ ژۈردۈڭلا. سىزنىڭ ئانىڭىز مەنى تىللىدى، ئۇردى (تەخىمۇ يەقىنلىشىپ) ھەتتا سىز مەنى دەپسەندە قىلدىڭىز.

خۇاڭشى رىن: سەن، شۇنداق گەپلەرنى قىلغىلى كەلدىڭمۇ بۇ يەرگە.

شىيەر: (تەخىمۇ يەقىنلىشىپ) مەنىڭ قوسۇغۇم 7 ئايلىق بولۇپ ئالدى. بۇ كەمگە كەلگەندە سىز تونۇشتىن راسلىنىۋاتىسىز. سىز مەنى ئالىدىكىز، مەن سىزدىن سوراي، سىزنىڭ ماڭا «كوڭلۇڭ خاتىرجەم بولسۇن» دېگىنىڭىز نىمە دېگىنىڭىز ئىدى. (خۇاڭشى رىنىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدۇ)

خۇاڭشى رىن: (شىيەرنى ۋىقىتىۋېتىپ) سەن ئولىدىغان پاسكىنا ئالجىپ قاپسەن. (چىقىپ كەتىدۇ)

شىيەر: (ئومۇلەپ قوپۇپ) مەن سىلەردىن كورۇدىغاننى كورۇپ بولغانمەن. مەن ھەلى بىر لىسىمۇ قىنى، يانا كورۇدىغاننى كورۇمەن.

## 2 - كورۇنۇش

(خۇاڭمونىڭ ئۆيى. خۇاڭشى رىن ئالدىراش كىرىپ كەلىدۇ.)

www.azizisa.org

خۇالقىشىرىن: ئاپا! ... ئاپا! ...

خۇالقىمو: (ئاماكا چەككەن غا كىزىسىنى قويۇپ) نېمە بولدى؟

خۇالقىشىرىن: ئاپا، ئەزەمدىن ئوتتى. مەن قوركىشىنى سالالىدىم. مانا ئۇ ھازىر غوغا چىقاردى.

خۇالقىمو: (كارۋاتتىن قوزغۇلۇپ) نېمە غوغا؟

خۇالقىشىرىن: ئۇ مەنى كەينىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، ھازىر مېھمانلار كېلىدۇ. بۇ غوغىنى ئۇلار ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا ئىش چاتاق.

خۇالقىمو: ۋاھ، بۇ ئولتۇكىنىڭ سارالىغىنى. خۇالقىشىرىننى چىقىپ لومونى قىچقار، (خۇالقىشىرىن چىقىپ كېتىدۇ. خۇالقىمو قولىغا سۈپۈرگىنى ئېلىپ ئاچ-چىقى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشىغا، شىئەر كىرىپ كېلىدۇ.)

شىئەر: مەن سىلەر بىلەن ئېلىشىپ كورىدىغىنىمنى كورىمەن.

خۇالقىمو: ۋاھ، مەن ئۆلۈدىغان جۇگاينىمەكنىڭ سارالىغىنى. ماڭا ئازىم قىل!

شىئەر: سىز (تېز يوكۈنىدۇ)

خۇالقىمو: (سەت ئاۋاز بىلەن) تېز يوق! (شىئەر غەزەپ بىلەن قاراپ تىترەپ تۇرۇدۇ.) ئۆلۈدىغان، سەن كوتايىكنى بىلەمسەن، مەن سەندىن سوراپ باقاي، سەنىڭ قوسۇغۇڭدىكى بالا نەدىن پەيدا بولغان!

شىئەر: نېمە؟!.

خۇالقىمو: ئۆلۈدىغان جۇگاينىمەك، سەن ئوغۇرلۇقچە كىشىلەر بىلەن ئويناپ، ھارامدىن بالا تېپىپ ئۆينىڭ نامىنى بۇلغىدۇڭ، ئەتىمە، بۇ ھارامدىن بولغان بالىنى نەدىن تاپتىڭ. زادى كىمدىن تاپتىڭ ئەيت! (مورىنجى كىرىپ شىئەرنىڭ كەينىدە تۇرۇدۇ)

شىئەر: (زور ئاۋاز بىلەن) سىزنىڭ ئوغلىڭىزدىن. (جاڭئەرشىن كىرىپ بىر بولۇڭغا موكۇپ ئاڭلاپ تۇرۇدۇ. خۇالقىشىرىنمۇ بىر بولۇڭغا موكۇپ ئاڭلاپ تۇرۇدۇ.)

خۇالقىمو: (ناھايىتى ئاچچىغلىنىپ) نېمە دەۋاتىسەن؟ مەنىڭ ئوغلۇمغا ھاقارەت قىلغىچە ئولۇپ قالساڭچۇ جۇگاينىمەك! (شىئەرنى ئۇرۇدۇ).

شىئەر: (ئالدىغا دەۋەيلەپ كەلگەندە مورىنجى تۇتۇۋالىدۇ. شىئەر دىققەتلىنىپ) سىزنىڭ ئوغلىڭىزدىن - سىزنىڭ ئوغلىڭىزدىن! سىلەر مەنىڭ ئۆيمنى ۋەيران قىلدىڭلا، سىلەرنىڭ ئۆيدە بىرمۇ ياخشى ئادەم يوق، سىلەرنىڭ ئېيدىكى ئەرخوتۇنلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئوبدان ئادەم يوق. ھەممىڭلار ھارامدىن بولغان!

خۇالقىمو: لومو، مۇنۇڭ ئاغزىنى جىم قىلدۇرۇڭ، (مورىنجى قول ياغلىقى بىلەن شىئەرنىڭ ئاغزىنى ياپىدۇ) مورىنجى! بۇ جۇگاينىمەكنى چاپسان قازناققا سولاپ، مەن ئۇچۇن ئازا دۇمبالاڭ. (مورىنجى شىئەرنى قازناققا تارتىپ ئېلىپ كىرىپ، ئۇرۇشقا باشلايدۇ. شىئەرگە تەگىۋاتقان تاياق، شىئەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھ

www.azizisa.org

تۇرۇدۇ. خۇالقىمو تاياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ) ياخشى، ناھايىتى ياخشى. قارا بۇنى بۇگۈن سەنىڭ راسا ئەدىپىڭنى بەرمىسەم بولمايدۇ. (جاڭ دىققەتلىكتە تىت - تىت بولۇپ ئازاپلىنىدۇ.)

خۇالقىمو: (مۇكچىيىپ) مورىنجى، ماڭا ئىشىكنى قولۇپلاپ بەرىڭ. (مورىنجى ئىشىكنى قولۇپلايدۇ خۇالقىشىرىن ئالدىراشلىق ئويگە كىرىپ كېلىدۇ، جاڭئەرشىن يوشۇرنىۋېلىپ سىرتىدىن قاراپ، ۋەقەنى ئاڭلاپ تۇرۇدۇ.)

خۇالقىشىرىن: ئاپا، مەن ھازىر شۇنداق بىر ئىلاج تاپتىم. شىئەرنى بىر يەرگە ئەۋەتىۋەتەيلى. مېھمانلارمۇ ھازىر كېلىدۇ. ئەگەر باشقا كىشىلەر بۇ ۋەقەنى بىلىپ قالسا ئىش چاتاق.

خۇالقىمو: دۇرۇس، يەڭگى كېلىن بۈگۈن كېلىدۇ. قۇدۇلار بۇ ئىشنى بىلىپ قالسا، توينى قىلغىلى بولمايدۇ. لومو، سىز تالاغا چىقىپ، ئادەم بارمۇ، يوق - قاراپ كېلىڭلا!

مورىنجى: (ئىشىكتىن چىقىپ قارايدۇ. جاڭئەرشىن يوشۇرنىۋالىدۇ، مورىنجى قايتىپ كىرىدۇ. جاڭئەرشىن يەنە ئاستا ماراپ ۋەقەنى ئاڭلاپ تۇرۇدۇ.) ھېچ ئادەم يوق.

( داۋامى بار )

www.azizisa.org

# شىنجاڭ ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ يېڭى دولقۇنى

بۇ ماقالىمىزدا شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ ئۆلكىمىز ئازات بولغاندىن كېيىنكى 2 يىل جەريانىدىكى ئۇتۇقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى ھەققىدە سۆزلىمەكچىمىز.

ماقالىنى 2 بۆلۈمگە بۆلۈپ، 1-بۆلۈمىدە شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ يېڭى مەزمۇنى ۋە ئۇتۇقلىرى ئۈستىدە، 2-بۆلۈمىدە شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ ئاساسى كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە سۆزلىمەكچىمىز.

شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ يېڭى مەزمۇنى ۋە قىسمەن ئۇتۇقلىرى:

ئەسىرلەر بويى ئېغىر كۈلپەت ۋە نامراتچىلىق ھاياتىنى كەچۈرۈپ كەلگەن شىنجاڭ خەلقى بۈگۈن جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى ۋە ئۇلۇغ رەھبىرى داھىيمىز ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇلۇغ غەمخورلىقى ۋە رەھبەرلىكى ئاستىدا ئازادلىققا چىقتى. شىنجاڭ خەلقى ماۋزېدۇڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى گۈللىگەن مەملىكەتلەر ئائىلىسىنىڭ ئايرىلماس ئەزاسى بولدى. شىنجاڭ خەلقى بەختىيار قۇچىقىدا ھاياتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ ئازات باھارى شىنجاڭ خەلقىنىڭ قارلار ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان تالانتلىرىنىمۇ، ئىلھاملىرىنىمۇ ئويغاتتى ۋە بۇ تالانتلار زور قەدەملەر بىلەن يېڭى ئىستىقباللارغا قاراپ ماڭدى. شىنجاڭ خەلقى ئىجادچان خەلق بولۇپ، ئۆز ئىجادىيىتىدە زور سەنئەت بايلىقلىرىنى ۋە ئازادلىق تەشناسىدا زارلانغان گۈزەل خەلق قوشاقلىرى ۋە خاھىشلىرىنى ياراتتى. شىنجاڭ خەلقى ئۆتمۈشتە ئېغىر ھاياتتا كۈن كەچۈرگەن بولسىمۇ، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىت بىلەن ياشىدى ۋە ئازادلىق روھى بىلەن تولغان ئاجايىپ قوشاقلارنىمۇ توقۇدى. شىنجاڭ خەلقى دۇنياغا كۆپ ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى تەقدىم قىلدى، ئۆتمۈش ۋە ئۆتكۈمەس سەنئەت بايلىقى بولغان فولكلورغا ئېگە ۋە ئۇنىڭغا باي ۋە بۈگۈنكى كۈندىكى بۇ گۈزەل ھايات يانا شۇ تالانتلىق خەلقتە ئەسىرلەر بويى كۆرۈلمىگەن زور روھى كۆتۈرۈلۈش ۋە پۈتمەس تەلپۈنۈش ھاسىل قىلدى.

ئەدەبىيات شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك سەنئەت بايىنىڭ بىرسى. شىنجاڭ خەلقى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات باپىدا پوئېزىيەنى چېكسىز بىلەن سۆيىدى ۋە شۇ باپتا ئاجايىپ نەمۇنىلەرنى ياراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شىنجاڭ خەلقى بۈگۈنكى بەختلىك ھاياتىنىڭ ئىنىكاسىنى، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك سەنئىتى باپىدىن بولغان ئەدەبىيات ئەسناسىدا كۆرۈشكە تەشنا بولدى.

شىنجاڭ ئەدەبىياتى ئومۇمەن خەلق ئەدەبىياتى-فولكلور ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەدەبىيات بولۇش بىلەن ئۇ، پەقەت ئۆلكىمىز ئازات بولغاندىن كېيىن، 2 يىل جەريانىدىلا ئۆسۈشكە، ئۆللىنىشكە باشلىدى ۋە مۇشۇ 2 يىل جەريانىدا ئايرىم باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. بۇ ئەدەبىيات بۈگۈن ئۆزىنىڭ بىر قىسمى بولغان پوئېزىيە يۈزەسىدە ئەڭ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. شىنجاڭ پوئېزىيەسى بۈگۈن يېڭى تۈسكە ۋە يېڭى مەزمۇنغا ئېگە بولدى. ئۇ بۈگۈنكى بەختلىك ھاياتنىڭ قوشاقچىسى، تەشۋىقاتچىسى ۋە ئازادلىق ھەم بەختلىك ھاياتنىڭ ناخشىچىسى-مەدھىيەچىسى ۋە خەلقىمىزنى ئىنقىلابى ئىشلارغا ئۈندەيدىغان بىر روھى قۇرالغا ئايلاندى. شىنجاڭ پوئېزىيەسى ھازىر خەلققە خىزمەت قىلماقتا. ئۇنىڭ قەھرىمانلىرى ئېمىلىرى ھاياتتىن ئېلىنىپ، شۇ ھاياتقا بېغىشلانماقتا. شىنجاڭ پوئېزىيەسى ئۆزىگە قىبلە نامە قىلىپ داھىيمىز ماۋزېدۇڭنىڭ يەنئەندىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەتچىلەر سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىنى ئالماقتا. ماۋ جۇشىنىڭ «ئەدەبىياتنى پۈتۈن ئىنقىلابى ماشىنىنىڭ بىر تەشكىل قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ ئۇنى خەلقنى بىرلەشتۈرۈش، خەلقنى تەربىيەلەش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش ۋە دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ قۇدرەتلىك، ئۈنۈملىك قۇرالى قىلىش يولى بىلەن خەلقنىڭ بىر دىل، بىر تىلەك بىلەن دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلىشىغا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ» دېگەن جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئالدىغا قويغان ۋەزىپىسى نىشان بولماقتا.

شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ ھازىرقى تېما ۋە قەھرىمانلىرى: ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى، ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋزېدۇڭ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جەڭچىلىرى، شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ دوستلۇقى، مېھنەتكەشلەرنىڭ سىنىپى ئويغۇنىشى، ۋە تەنپەرۋەرلىك ھەركەت-ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشەنگە ياردەم بېرىش، ئائىلە تىنچلىقىنى ساقلاپ، زومىگەر مۇشتۇمى زور بانديت شىپپىئون، جاسۇسلار، جاھانگىرلارنىڭ قۇيرۇقى

www.azizisa.org

... گە قارشى كۈرەش تېمىسى، ئاددى دە-
... ئىشچى، ئەركىن ئاپال، يوقسۇل دېھقان ۋە
... ئىتتىپاقى، موسكۋا، بېيجىن ۋە پۈتۈن دۇنيا
... داھىيسى ستالىن ۋە ئىنسانىيەت دۇنيا
... - تىلىكى بولغان - تىنچلىق تېمىلىرى -
... ئىبارەت.

... شىنجاڭ پوئېزىيەسى ژۇقۇرىدا كۆرسىتۇلگەن
... تالاپ ئەلىش بىلەن، بۇ تېمىلارنىڭ ھەممە
... ھەر جەھەتتىن چىققى دەپ ئېيتالمايمىز. بۇ بىز
... يېتىشمىزلىك بولسىمۇ، قىسمەن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ
... ئىنكار قىلالمايمىز. بىزنىڭ ئۈنۈمىمىزدىن
... كۆرەك. بۇ ماقالىمىزدا ئەنە شۇ قازانغان
... ھەققىدە سۆزلىمەكچىمەن

... شىنجاڭ خەلقى ئارىسىدىن يەڭگىدىن ئوسۇپ چىق-
... باش ئەلەم ئەھلىلىرى ئۆز خەلقىنىڭ ئازات
... ئەركىن ھاياتىنىڭ تەشكىلاتچىسى بولغان ئۇلۇغ
... كوممۇنىستلار پارتىياسى ۋە ئۇلۇغ ماۋجۇشىنى كۈيلى-
... يالايدۇ. ئۇلار قولىغا قەلەم ئالغاندا، بۇزور
... نىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ قولىدىكى
... ئەنە شۇ ئۇلۇغ غەلىبىنىڭ تەشكىلاتچىلىرىغا
... قەسىدىلەر ئوقۇش بىلەن باشلايدۇ.

... شىنجاڭ خەلقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
... تۇغۇلۇشىنى ناھايىتى زوقۇرى خوشاللىق بىلەن قارشى
... بايرامنىڭ ئۇلۇغ تەنتەنىسىنى پۈتۈن جۇڭگو
... خەلقى بىلەن بىللە بايرام قىلدى. شائىرىمىز ئەل-
... تۈزىنىڭ «تاڭ ئاتقاندا» دېگەن گۈزەل شەـ
... بىلەن شىنجاڭ خەلقى نامىدىن بۇ ئۇلۇغ تويـ
... تەبرىكلىدى. شائىر ئۇلۇغ داھى ماۋزەدۇڭنىڭ
... ئازات بولۇشىدىكى ئۇلۇغ رولىنى ۋە «داھى
... بىلەن ئۇنىڭ جاكاسى بىلەن»، يۈز ئاچتى ئاسمان،
... شۇدەم تىكلەنگەندە تۇغ شەرق ئەلىگە ياغدى
... شان» دەپ شەرق ئەللىرىنىڭ كۆرۈشىدە ماۋ-
... بېيجىننىڭ ئۇلۇغ رولىنى كۈيلەيدۇ. شائىر
... كۆرەش ۋە ئۇنىڭ شانلىق غەلىبىسى خەلق
... خوش قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىدە يەڭگى بىر ئاھاڭ
... چۆللەرنىڭ باغ، تاغلارنىڭ گۈزەل بول-
... ياتقان چۆللەرنىڭ سۇ ئىچىپ، ۋادىلارنىڭ
... ئاناغىنى كۈيلەيدۇ.

... ئەلىنىڭ بارچە شەھەر ليوى، خەلقلىرى،
... ۋىنى بايرام قىلىپ،

بېجىنگە پاياندار سالغاندا،
شۇندا ئولتۇرۇمىز
باشنى كۆتۈرۈپ،
خوشاللىقىدا
ئوينايمىز داپنى.
قەشقەر كەلەك - تاشا
تاپتۇق نىجات دەپ
يەڭگى مۇقامغا چالدى راۋاپنى.

دەپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ تويىنى يەڭگى داپ-دۇمباق ۋە يەڭگى مۇقاملارنى كۈيلىگەن راۋاپلار بىلەن خوشال - خورام قارشى ئالغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

شائىر - شەئىرىنىڭ ئاخىرىسىدا پۈتۈن خەلىق نامىدىن ئۇلۇغ داھىيغا ۋە شۇ بەختلىك ئاڭغا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن ئۇنى تەبرىكلەپ تاماملايدۇ.

ياش شائىرىمىز ئىبىپ جان ئەلىيوۋ - ئەدەبىيياتىمىزدا يەڭگىدىن ئوسۇپ، ئىجادىيە كۆرۈنۈپ كەلىۋاتقان ئالدىنقى قەلەم ئەھلىلىرىنىڭ ۋەكىلى ياش شائىرىمىزنىڭ ئىجادىدا ئۇلۇغ كوممۇنىستلار پارتىياسى ۋە ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋزەدۇڭغا قەسىدە ۋە مەدھىيەلەر ئوقۇش زوقۇرى باسقۇچتا تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئۇ، ئۆزىنىڭ «ئۆكسەنداڭ ھەققىدە قەسىدە» دېگەن شېئىرىدا ئۇلۇغ كوممۇنىستلار پارتىياسى شەنىگە شىنجاڭ خەلقى نامىدىن قەسىدە ئوقۇيدۇ. قەسىدە ئۇلۇغ كوممۇنىستلار پارتىياسىغا مەنسۇپ بولغان ئالقىش، شەرەپ بىلەن باشلىنىپ، ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئۆكسەنداڭ ۋە ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋزەدۇڭغا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن تاماملىنىدۇ. قەسىدىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇمىزنى - ئىچىنىشلىق ئۆتمۈشىدىن ھېكايە قىلىدۇ ۋە شائىر ئۆزىنىڭ ئېغىر ئۆتمۈشىگە ئۆزى سوئال قويۇپ، ئۇ سوئالغا ئۆزى جاۋاپ بېرىدۇ. «يېزىلاردا گاداي دېخان ئەنتىرەپ، ھېچ رۇناق تاپماي، ھاياتىدىن ئەنسىرەپ، ئېغىر تۇرمۇشتا خارۇ-زار بولغان ھايات كەچۈرەتتى. ئۇ كۈنى-تۈن ئىشلەپ پارچە نانغىمۇ، بىر چاپانغىمۇ ئېگە بولالمايتتى» دەيدۇ. دېخانلارنىڭ مېھنەتكەشلەرنىڭ بۇ پۈتۈن ئازاپ ۋە نامراتلىق ھاياتىنىڭ سەۋەپچىلىرى «كونا ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە فىئودال جاناپلار» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

شائىر ئولتۇرۇمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە پۈتۈن چىرىك تۈزۈمىنىڭ سىرىنى پاش قىلىدۇ ۋە بىزنى شۇ ئېغىر، نامرات ھاياتتىن قۇتقازغۇچى پەقەت كوممۇنىستلار پارتىياسى، ئۇ بەختىت «بىزگە ئۆزى كەلمىدى»، «ئۇ

www.azizisa.org

نى كوممۇنيستلار پارتىياسى ئەلىپ كەلدى» دەيدۇ.
ئۇلۇغ پارتىيانى « كېچىنى كۈندۈز قىلغان چىراق»دەپ
كۈيلەيدۇ. شېئىردا كوممۇنىستلار پارتىياسىنىڭ پۈتۈن
دۇنياغا جۇڭگو ميهنەتكەشلىرىنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى كور-
سەتكەنلىكىنى، ئەزىلگەن ميللىيونلارغا جان ۋە قانبەر-
گەنلىكىنى ۋە نەسلىمىزگە شان بەرگەنلىكىنى كۈيلەيدۇ.
شېئىردا كۆكسەندىكىنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە ئۇنۇڭ
شان - شەرىپىنى تەسۋىرلەپ، شائىر ئۇنۇڭ ئۇلۇغ رو-
لىنى يەلەككە كوتۇرۇدۇ. شائىر بۇ يەردە ھەقىقەتنى-
ئوزىگە مەنسۇپ بالداقا كوتۇرۇدۇ. بۇ شېئىر جۇڭگو
كوممۇنيستلار پارتىياسىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو مىللەتلىرىدى-
نى بىر ئائىلىگە ئايلاندۇرۇشتىكى تۇتقان رولى ئۇلۇغ
پارتىياغا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن ناھايىتى زوقورى ئوپ-
تىمىزىم ۋە كوتۇرەڭگۇ پاقوس بىلەن تاماملىنىدۇ.

قىرى، ياش، خوتۇن، قىز، ئوغۇللىرى،
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
ساڭا دىلدىن دەيدۇ يۈز مىڭ ھاشقاللا!
بۇگۈن دىلدىن شۇنداق شوئار ئورغۇيدۇ.
كۆكسەندىكىغا، ماۋزەدۇڭغا بارىكاللا!

گۈزەل ۋە زوقورى سەنئەتلىك شېئىر، بۇشېئىرنى ئو-
قۇغاندا ھەر قانداق كىشى ئوتكەن ھاياتنىن ئەچىنىپ
« ئوھ » تارتىپ ۋە بۇگۈنكى ھاياتقا « بارىكاللا»دې-
مەي تۇرالمايدۇ. جۇڭگو كوممۇنيستلار پارتىياسىنىڭ
30 ژىللىقىغا بېغىشلاپ يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئىچىدى-
دە ئابلىز نازىرنىڭ «يېڭى دوس تاپتىم» دېگەن شې-
ئىرى ئايرىم باھاغا ئىگە. ياش شائىرلىرىمىزدىن بولغان
ئابلىز نازىرى ئوزىنىڭ بۇ شېئىرىدا كونا «دوستى»
كونا زامانلارنى ئۈزۈتۈپ، يېڭى «دوستى»يېڭى زامان-
كوممۇنيستلار پارتىياسىنى تاپقانلىقىنى كۈيلەيدۇ.
شائىر بۇ يېڭى دوستلار بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئەسىرلەر
بويى ئوز خەلقىنى ئەزگەن كونىلىققا قارشى ئىسيان
باشلايدىغانلىقىنى ئەيتىدۇ. شائىر بۇگۈن ئوز سەپداش-
لىرى — شىڭ جاڭسەنئەتچىلىرى ناميدىن، ئەنەشۇ كوممۇ-
نيستلار پارتىياسى — يېڭى دوس بىلەن بىرلىشىپ، پۈتۈن
سەنئەتچىلەرنىڭ بۇ مۇقەددەس كورەشكە يېقىندىن قات-
نىشىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇدۇ. شائىر كوناھاياتقا ـ كونا
دوستلارغا ۋە ئوتكەن زامانغا رەدىيە بېرىپ، يېڭى
زاماننى كۈتۈپ ئالغانلىقىنى ۋە ئوززاماندااشلىرىغا
ئەنە شۇ كورەش دولقۇنىغا «دادىل غۇلاچ تاشلاپ»
چۈشۈشكە دەئۋەت قىلىدۇ.

شائىر كوممۇنيستلار - يېڭى دوستلار ئولكىگە
كېلىش بىلەن، ئولكەم ئەركىن بولدى. قىشلار ئور-
نىغا ياز كەلدى.

كومپارتىيا كەلدى بىزگە،
سوۋېت ملۇك ئۇستاز كەلدى.
قىشلار كېتىپ ئەبەتكە،
زەپ چىرايلىق ياز كەلدى.

دەپ كوممۇنيستلار پارتىياسىنىڭ شىڭ جاڭ خە-
قىگە ئەلىپ كەلگەن « يازىنى » تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ
قەن - قەنىغا پاتماستىن خوشال بولۇدۇ. شائىر « ش-
كوممۇنيستلار پارتىياسىنىڭ - يېڭى دوستلارنىڭ يو-
باشچىلىقىدا تېخىمۇ ئالغا بارىمىز، تېخىمۇ ئەگىزگە
گۈزەل مەنزىرە ۋە قۇياش نۇرىغا قاراپ ئالغا ماگ-
مىز » دەيدۇ.

شائىر بۇ سوزلىرى بىلەن ئۇلۇغ جۇڭگو كومم-
نيستلار پارتىياسىگە ئىشەنچ بىلدۇرۇدۇ ۋە پەقەت ش-
كوممۇنيستلار - يېڭى دوستلار بىلەن شائىر كۈتكە-
«ئىشچى كوڭلىدەك ساپ » باغلارغا بارىمىز دەيدۇ. ب-
« ئىشچى كوڭلىدەك ساپ اغ » - خەلقىمىزنىڭ ئو-
لۇغ كەلگۈچىگى سوتسيالىزم جەمئىيىتىدۇر.

بۇ شېئىرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك شۇ يەردىكى - بۇ، ئو-
زى لىرىكىلىق، چىرايلىق يېزىلىشىدىن باشقا قانداق-
تۇ بىر ئالغا، زوقورىغا ئۇمتۇلىدۇ. ئۇ، ئوز ئىچى-
گە مەدھىيە ئۇسىگە ئىگە بولغان ئىنقىلابى رومانتىز-
مۇسىگە ئىگە. شائىر بىز يېڭى دۇنياغا كەلدۇق
لېكىن تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل ھاياتقا، بەخت-
ۋە ئىجادىيەت مەنبىئى بولغان سوتسيالىزمغا بارىمىز
بىزنى پەقەت كوممۇنيستلار پارتىياسى ۋە ئۇلۇغ دا-
ھىمىز ماۋزەدۇڭ ئەلىپ بارىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ.
بۇ شېئىر ـ ئەلىقنى ئەنە شۇ ساپ ئاققا ئۇمتۇلۇشقا ئىل-
ھاملاندۇرىدۇ. شېئىر چاشما شېئىر ئۇسلۇبىدا يېزىلغان
بولۇپ قاپىيە ۋە سوزلىرى شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا بوي-
سۇنۇدۇ.

شېئىرنىڭ لىرىكىسى ئۇنۇڭ مەزمۇنىنى تولۇق-
لاپ، ئۇنۇڭغا ئىنقىلابى، رومانتىزملىق تۈس بېرىدۇ.
كوممۇنيستلار پارتىياسىنىڭ تىمىسى شىڭ جاڭ
پوئېزىيەسىدە قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان كوپ قەلەم
ئەگىلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە زوقورى ئورۇندا تۇرۇدۇ.
ئۇلۇغ كوممۇنيستلار پارتىياسىنىڭ پۈتۈن 30 ژىللىق
كورىشى ئۇنۇڭ غەلىبىسى ئۇلۇغ داھىمىز ماۋزەي-

www.azizisa.org

[illegible] بىلەن باغلىق . شىنجاڭ قەلەم ئە-
[illegible] ئۇلۇغ كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ شە-
[illegible] تۇقىغاندا ئۇ غالىبىيەتلەرنىڭ ئىلھامچى-
[illegible] تەشكىلاتچىسى بولغان ماۋزەدۇڭغا مەدھىيە
[illegible] ئالايدۇ . شۇنىڭدەك ئوقۇش كەرەك-
[illegible] تەخى مۇنداق ئۇلۇغ داھىيلارنىڭ
[illegible] ھاياتىنى كورسۇتۇش بىلەن ئۇلارنىڭ يار-
[illegible] يارىتىش ئىمكانىيىتىگە تەخى تولۇق
[illegible] . شىنجاڭ پوئېزىيەسى ھازىر پەقەت
[illegible] مەدھىيە ئوقۇش بىلەنلا چەكلەنمەك
[illegible] ، بۇ تېما خەلى يېشىلمىدى ۋە
[illegible] تەكلىپى ئوزلىرىنىڭ كۈچلىرىنى سىناپ
[illegible] : ئابدۇۋەلى خەلىپە ئوۋ 1951 - يى-
[illegible] گېزىتىنىڭ 1 — ئوكتەبىر سانىدا ئو-
[illegible] « ماۋزەدۇڭ » دىگەن شېئىرىدا « ئۇلۇغدا-
[illegible] بەختىمىزنىڭ قەلبى ، ئىستىقبالىمىزنىڭ
[illegible] ، ھاياتىمىزنىڭ قۇياشى » دەي-
[illegible] خەلىپە ئوۋ بۇ شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا ماۋ-
[illegible] دۇنيا تارىخىدا ئوينىغان رولىنى ئوچۇق
[illegible] . شېئىر « ماۋزەدۇڭ نامى شەرق
[illegible] ، ئازادلىق ۋە كەلەچىكى ئۈچۈن
[illegible] ئاتلىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇدۇ » دە-
[illegible] بىلەن تاماملىنىدۇ .

[illegible] - يىلى 17 - مارت « شىنجاڭ گېزىتى-
[illegible] « ستالىن - ماۋزەدۇڭ » دىگەن
[illegible] قىلىندى . بۇ شېئىردا ستالىن نامى
[illegible] نامى قاتار تۇرۇدۇ . بىز بۇ ئو-
[illegible] نامى بىلەن « يېڭى تارىخىمىزغا
[illegible] » بىز ئۇلارنىڭ نامىلىرىنى « تارىخ-
[illegible] ۋاراقلىرىغا يازىمىز » دەيدۇ . بۇ
[illegible] سوزلىرى بىر - بىرىگە ياندىش
[illegible] نۇرلىرىدە تۇرۇدۇ . ئۇلار
[illegible] چىراق ، ئاملىرىمىزغا زىننەت بەرىدۇ »
[illegible] تۇرمۇشىمىزنى باشلىغان ۋاقتىمىزدا بىز
[illegible] باشلايدۇ .

[illegible] بىزنىڭ توي - توكۈنىمىزدە
[illegible] توي بەشى - تويىنىڭ ئەركىسى .
[illegible] بىلەن باشلىنىدۇ بەختىيار ئەسىل -
[illegible] ۋە يېگىتىنىڭ خوشا ، كۈلكىسى .

[illegible] بۇ شېئىر ئازۇك لىرىكا بىلەن تاماملىنىدۇ:

شائىر ئۇلۇغ دا يىلارنىڭ بىزنىڭ كورەشلىرىمىزدىلا يولباشچى بولۇپ قالماستىن ، بەلكى ھاياتىمىزنىڭ ، بەختىمىزنىڭ ، تويىمىزنىڭ ۋە كۈلكىمىزنىڭ ئىلھامچىسى ئەكەنلىگىنى تەسۋىرلەيدۇ .

تېيىپجان ئەلىيوۋ ئوزىنىڭ « ماۋزەيدۇڭ ھەققىدە قوشاق » دىگەن چىرايلىق شېئىرىدا داھىينىڭ بىز ئۈچۈن ياراتقان زامانىنى ماختاپ ، بۇ ئۇلۇغ زامانىنىڭ شەنىگە قوشاق توقۇيدۇ .

ھاۋانىڭ تومانىدىن ،
قۇتۇلدۇق توزاڭىدىن .
زورۇگىمىز سۇ ئىچتى ،
ماۋزەدۇڭ زامانىدىن .

دەپ شائىر « ماۋزەيدۇڭنىڭ ياراتقان زامانى ئاسمانىدىكى تومانلارنى ، يەردىكى توزاڭلارنى يوقاتتى » دەيدۇ .

بۇ شېئىر ئوزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ، زور مەزمۇننى يېشىدۇ . شېئىر خەلىق قوشاقلار ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلغان بولۇپ ، ئىسلوبى مۇرەككەپ ئەمەس ۋە خەلىق چۈشەنگىدەك ئاددى سوز بىلەن يېزىلغان . بۇ ھازىر خەلىق ئاھىڭىغا سېلىنغان بولۇپ ، سەھنىدىن كوچۇپ خەلىق ئىچىگە كىردى . شېئىرنىڭ ئەڭ زور ئۇتۇغى - ئۇنىڭ خەلىق ئىچىگە تارقىلىشى ۋە ئاممىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ ، ئۇنىڭ تىلىدە كۈيلىنىشىدە ، بۇ پوئېزىيەمىزنىڭ ئاممىۋىلاشتۇرۇش ئىشىدىكى زور ئۇتۇقلىرىمىزنىڭ بىرسىدۇر .

بۇ تېمىغا كەۋىر نىيازىنىڭ « ماۋزەدۇڭ » ۋە ناسىر ھەسەن « قەدىردان داھى » دىگەن شېئىرلىرىنى بېغىشلىدى .

جۇڭگو خەلىق ئازادلىق ئارمىيەسى شىنجاڭغا ئوز بىلەن ئۇلۇغ كورەشچان ئىرادە ، ئىنقىلابى روھ ، ئىنسانىيەتپەرۋەرلىك ، مېھنەتنى ، كىشىنى چەكسىز قەلبى بىلەن سويۇش ھىسسىياتىنى ئېلىپ كەلدى . خەلىق ئازادلىق ئارمىيەسى شىنجاڭنى يالغۇز گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالماستىن ، ئىچكى دۈشمەنلىرىمىز بولغان باندىت ، پانتۇركىستلەر گورۇھلىرىنى تېگە - بىگىلىرى بىلەن يوقاتتى . بۇ ئارمىيە بۈگۈن بىزنىڭ قورغانچىمىز . بىزنىڭ ھىمايىچىمىز ۋە ئارام تىنىچلىغىمىزنىڭ كوزەتچىسىدۇر . بۇ ئۇلۇغ ئارمىيەگە شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىننەتدارلىغى چەكسىز چوڭقۇر ! شىنجاڭ پوئېزىيەسى بۇ

www.azizisa.org

ژۇقۇرى روھلۇق ۋە يەڭگىلمەس ئەرادىلىك - ماۋزەدوڭ مەپكۇرىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان ۋە كومۇنىستلار رەھبەرلىكىدە ئۇلۇغ ئىنقىلابى روھقا ئەگە بولغان بۇ ئارمىيەدىن ئىنقىلابى روھ ۋە ئىلھام ئالدى.

شىڭ جاڭ خەلقى ئازاتلىق ئارمىيەگە بولغان ئۇلۇغ مىننەتدارلىغىنى شىڭ جاڭ قەلەم ئەگىلىرى ئوزلىرىنىڭ ئىجاتلىرىدا ئىپادىلىمەك بولدى.

دائىمىز ماۋزەدوڭ ئوزىنىڭ يەنگەندە ۋە تەكوزولگەن ئەدىبىيات - سەنئەت سوھبىتىدە سوزلىگەن نوتقىدا، جۇڭگو ئەدىبى — سەنئەتچىلىرى ئالدىغا «ئەدىبىيات، يشچى، دىخان ۋە جەڭچىلەر ئوچون خىزمەت قىلىشى لازىم» دىگەن ۋەزىپىنى قويغان ئىدى. ھەر بىر قەلەم ئەگىسى ماذا موشو ژۇقۇرى خىزمەتنى ئاتقۇرۇش ئوچون ئەڭ بۇرۇن شۇ خەلىقنى، شۇ ماسسىنى سۆيۇش ۋە ئوگونوش كەرەك.

بىزنىڭ يوقىرىمىزدە ئۇنىسى ئەچىنىشلىقكى، ئەخىيچە بىرمۇ شائىر ياكى يازغۇچىمىز ئەنە شۇ بىزگە ئوزلىرى بىلەن ماۋزەدوڭ مەپكۇرىسىنى ئەلىپ كەلگەن ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مىھنەت پائالىيەتلىرى ھەققىدە ھەچ نەرسە يازالمىدى. نەمە ئوچون بىزنىڭ يازغۇچىلار، شائىرلىرىمىز موشۇ مەسىلىگە گويا كى چەتتىن ھاياتقا قاراپ قالغۇچىلاردەك بولۇشتى. شىڭ جاڭ خەلقى بۇ ئۇلۇغ ئازاتلىق ئارمىيەنىڭ ئوبرازىنى ئەدىبىيات ئەسناسىدا كورۇشكە ئەشنا ۋە ئوزلىرىنىڭ سەنئەت خادىملىرىنى ئەيىپلەشكە ھەقلىق. توغرا، بىزنىڭ قەلەم ئەگىلىرىمىز بۇ تىما ئۇستىدە ئىشلىمىدى ئەمەس ئىشلىدى. لەكىن خەلىق قانائەتلەنگىدەك بىر ئەسەر يارانمىدى. شائىرلىرىمىز پەقەت ئازاتلىق ئارمىيەگە مەدھىيە ئوقۇش بىلەنلا چەكلەندى ۋە ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ پوتون باتۇر قەددىنى ئەدىبىياتتا يارىتالمىدى. خەلىق ئۇ جەڭچىلەرنى خاڭلاردا، ياسىلىۋاتقان يوللاردا ۋە كەڭ ئەتىزلاردا، تاغ ۋە جاڭگاللاردا مىھنەت قوينىدا جەڭچىنى ئوزىنىڭ مىھنەت پائالىيىتى بىلەن كورەلمىدى. بۇ ئەچىنىشلىق مەسىلە. بۇ تىمىدا قىسمەن ئوتۇقىمىز دەپ پەقەت تۇرغۇن ئالماسنىڭ «قەشقەر» دىگەن شەئىرىنى ئەلىش مۇمكون. لەكىن بۇ تىمىنىڭ مەزمۇنى قەشقەرنىڭ [illegible] ۋە بەگلەنكى ھاياتى [illegible] ئالىپ، ئازاتلىق ئارمىيەنىڭ ئولكى-مىزنى ئازات قىلىشقا [illegible] ئورغۇن ئالماس پەقەت ئىككىلا مىسرادا ئازاتلىق ئارمىيە توغرۇلۇق سوزلىگۇ [illegible] سايى بەسىپ، قارسوزلار تەشىپ، ئازاتلىق ئارمىيە كەلدى ئولكىگە» دەپلا ئوتۇپ كەتتى. بۇ مىسرالاردا لۇەتتە پوتون ئارمىيەنىڭ ئوبرازىغا كەبىلىك قىلالمايدۇ.

غەنىزات ئەيۇبوۋانىمۇ ئوزىنىڭ «مەرھابا» دىگەن شەئىرىدا بۇ تىمىنى تولۇق يىشىپ كەتەلمىدى. ھەر ئىككىلا قەلەم ئەگىسى شەئىرنى ئابستراكتلىق مەدھىيە ئۇسىدە يەزىشتى، بىز مەدھىيە يەزىشقا ھەقلىقمىز، چۈنكى، بىز ئۇ ئارمىيەنى ماختايمىز. ئۇ ئوزىمىزنىڭ ئارمىيەسى، ئۇ يەڭگىلمەس ئارمىيە. لەكىن، ئازاتلىق ئارمىيەگە بەغىشلانغان بۇ زور تىمىنى مەدھىيەدە يەزىلغان بىر نەچچە مىسرا بىلەن كورسۇتۇش مۇمكون ئەمەس. شوندا بولسىمۇ، بۇ تىما ئەنە شۇ يولداشلارنىڭ ئىجادىدا قىسمەن گەۋدىلەندى. بىز كەلەچەكتە ياش قەلەم ئەگىلىرىمىز بۇ تىمىغا ئوزلىرىنىڭ ئىجادىدا ئايرىم ئورۇن بەرىدۇ دەپ ئىشىنىمىز ۋە شوندا بولۇشى ئەلۋەتتە لازىم.

شىڭ جاڭ يوقىرىدىسىنىڭ ھازىر ئاللاپ ئالغان ئاكتىۋ ئال تىمىلىرىنىڭ بىرسى ۋە ئەڭ چوڭى - شىڭ جاڭ خەلقىنىڭ سىنىپى ئويغۇنۇشى، ئىشچى - دىخان، مىھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ ئازاتلىقتىن كەيىنكى ئوسكەن ھوشيارلىغى ۋە شىڭ جاڭ ئاكا - ئۇكا مىللەتلىرىنىڭ دوستلىغى، شىڭ جاڭ خەلقى ئەسىرلەر بويى ئەڭ ئەغىر، ئەڭ نامىراتلىق ھايات كوچۇرۇپ كەلدى. ئەرزۇڭ بەختىگە كىم قول سالمىدى؟ ئۇنىڭ سادىق پەرزەنتلىرىنى كىم چاپمىدى، كىم قىرمىدى، كىم زىندانلاردا چىرىتمىدى؟ ئازاتلىق ئۇمىدى بىلەن خەلىق باش كوتەردى - ئۇنى چاپتى، قول كوتەردى - ئۇنى ئاستى. زالىملار ئۇنى كوچى يەتكىچە ئەزدى. كوچى يەتمىگەندە زەھەر لىدى. ئۇنى ھاكىملار قورال بىلەن چاپسا، فيئودال، موشتۇمى زورلار ئۇنىڭ ئاغزىدىن رىزقىنى تارتىۋالدى. شىڭ جاڭ خەلقى ئىڭرىدى، يىغلىدى. شىڭ جاڭ خەلقى بەختىنى كوپ يىللار كۈتتى، لەكىن ئۇ بەخىت كوپ يىللار كەلمىدى. بەختىنى ياك جىڭ خەلىقلەردىن تارتىپ ئالسا، دوبەن تورمىلاردا چىرىتتى. گومىنداڭ ئۇ بەختىنى چەت ئەل جاھانگىرلىكىگە ساتتى. خەلىقلەر بەختىنى خەلىق بىلەن ئاياق-

www.azizisa.org

ئاستى قىلىپ ياتاتتى. شىنجاڭ خەلقى ئۇنى كۆتەردى، چىقاردى. لېكىن ئەمەلگە بولمىدى. ئۇنى شەرقتىن قۇياش چىقىدۇ ۋە چاقناپ بىزنى يورۇتىدۇ» دەپ كۈتەتتى.

شەرق قۇياشى — ماۋزېدۇڭ جىياڭ ۋە ... كوممۇنىستلار پارتىيەسى ئۆز يېتەكچىلىرى بىلەن شىنجاڭ خەلقىنى ئويغاتتى. پەقەتلا ئۇ شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزىنىڭ بەختىنى قايتۇردى. شىنجاڭ خەلقى يېڭى زامان، يېڭى ھاياتقا ئىگە بولدى. شىنجاڭ دېھقانلىرى ئىنسانلىقنىڭ ئەقلىگە، ئادەمنىڭ ھەقىقىغا سىغمايدىغان ئېزىش ئۇسۇللىرى بىلەن ئېزىلدى. بۈگۈن كوممۇنىستلار پارتىيەسى بۇ پۈتۈن ناھەقچىلىكنى، دەرت-ئەلەملەرنى ئۇلارنىڭ سەۋەبچىلىرى بىلەن بىللە يوقاتماقتا. بۈگۈن دېھقانلار ماھىيىتى يېڭى بەختلىك ھاياتقا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئۆزگەردى. ئۇ، بۈگۈن ئويغاندى. ئۇلارنىڭ سىنىپىي ئويغۇنۇشى ۋە سىنىپىي ھوشيارلىقى ئۈستۈن كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ھازىر ھاياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، كومپارتىيە ۋە ماۋجۇشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشەندى. ئۇلار ئەمدى ھېچ كىمگە قۇل بولمايدۇ. بۈگۈن كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، ماۋزېدۇڭ مەپكۇرىسى بىلەن قوراللانغان دېھقان، يەر شەخسلەر ۋە زومىگەرلەر ئۈستىدىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىنى چىقىرىپ، ئەلىۋىدىنى قويماقتا. بىزنىڭ بەختىمىزگە قارشى شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ بۇ ئەڭ مۇھىم تېماسى دېھقانلارنىڭ سىنىپىي ئويغۇنۇشى، ئۇلارنىڭ سىنىپىي ھوشيارلىقى تېمىسى تېخى ئۆزىگە مۇناسىپ بالداقتا كۆتۈرۈلمىدى. تېخى ياش قەلەم ئەگىلىرىمىز بۇ تېمىنى تولۇقى بىلەن يەشەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، كېيىنكى 2 يىلدا بولۇپ ئۆتكەن شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ دولقۇنى بۇ تېمىنى خېلى قوزغىدى. دېھقان تېمىسىنى يېشىشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلغان قەلەم ئەگىلىرىنىڭ ئارىسىدا كۆۋىر نىيازنىڭ «مەھەممەت چورۇق» دېگەن كىچىك پوئېمىسى، تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «زېرەكتىن خەت» ۋە «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز» دېگەن كىچىك پوئېمىلىرى ھازىرقى شىنجاڭ پوئېزىيەسىدە خېلى زور قىممەتكە ئىگە. كۆۋىر نىياز ئۆزىنىڭ «مەھەممەت چورۇق» دېگەن پوئېمىسىدا دېھقانلار يېڭى سىنىپىي ئويغۇنۇشىنى يازىدۇ.

پوئېمىدا شائىر ئۆزىنىڭ پوئېمىسىنىڭ قەھرىمانى — مەھەممەت چورۇق بىلەن سۆھبەت قىلىدۇ. مەھەممەت چورۇق ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنكى ھاياتى ھەققىدە شائىرغا ھېكايە سۆزلەيدۇ. پوئېمىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا شائىر مەھەممەت چورۇقنىڭ تەرىپىنى، سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ تەسۋىرىنى بېرىدۇ.

مەھەممەت ھېلى ياش ئەمەس، ئوتتۇرا ياشتا
ھېچ نەرسە يوق جۇل-جۇل كىيىمىدىن باشقا
بىلەكلىرى ھەرۋاقت دەيدۇ: بىر قار شۇ
بۇ يەردە پار ... ت خەلق تولۇق بېرىلگەن ...

غوجىنىڭ كۆز ئالدىغا ئاددى ئېزىلگەن، مۇجۇلغان دېھقان گەۋدىلىنىدۇ. پوئېمىدا شائىر قەھرىماننىڭ خول گېياسىنى چۈشۈنۈشكە ئۇمتۇلىدۇ. شائىر ئۆز قەھرىمانى بىلەن يېقىندىن چوڭقۇر سۆھبەت قىلىشقا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمۈر تارىخىنى ۋە ھېسسىيات ۋە يوشۇرۇن سىرلىرىنى بىلىشكە تىرىشىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى شائىر ناھايىتى ياخشى ئۇسۇل بىلەن — قەھرىماننىڭ ۋە شائىرنىڭ دىئالوگىدا بېرىدۇ. قەھرىمان ئۆزىنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق ھېكايە سۆزلەپ:

مېنىڭ دادام ھەلەم باينىڭ دادىسىغا
مالاي ئىكەن تەرىغىچە بىر تەلىيىتا.

مەھەممەت چورۇقنىڭ دادىسىنىڭ ھاياتى — بوزەكلىگەن دېھقاننىڭ ھاياتى، مەھەممەت چورۇقنىڭ دادىسى ۋە ئانىسى ئۇلۇغ ئاي بىلەن ئۆمۈر بويى ئەلەم باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدۇ. ئۇلۇغ ئاي بۇ مەغۇرچىلىقتا چىدىماي ئاخىرى ئۆلىدۇ. مەھەممەت چورۇقنىڭ دادىسى سەپەر باي ئاكامنىڭ مەنتا ئۇلۇغ ئاينى دەپنى قىلغىلى كۆرپەلىك يوق. ئۇنى ئەلەم باينىڭ باشقا مالايلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن دەپنى قىلىدۇ. ئۇلگەنگە كېپەن قىلىپ، ئۇلۇغ ئاينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنلا مەنسۇر ئاكامنى «يۇرت چوڭلىرى» ئالدىدا «سەپەرنىڭ خوتۇنىنى كۆمۈش ۋاختىدا مەندىن خېلى راسخوت بولدى ۋە ئۆتكەن يىلى يوقالغان كالا ئۈچۈن» دەپ، ئۇ بېچارىنى يانا 2 يىل ھەقسىز ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

يانا باي:

قايسى بىرسى ماليېمنى مەن تاپاق كۆتكەن،
مەن ھەمىشە مالايلارغا مەرھەمەتلىك

دەپ ئۆز يېنىك ھايۋان قىياپىتىدە ئادەمگە چىلىك سۈپىتىنى بەرمەك بولىدۇ. يانا 2 يىل ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان سەپەر باي بايىسى مەھەممەت بىلەن مەغلىخانىغا ئوخشىغان ئۆيدە ئۆمۈر كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەھەممەتنىڭ دادىسىمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاپىسى ئۆلگەندە سەپەر باينىڭ باي ئۇ: جالاگەيغا قانداق ئاغىنى بول

www.azizisa.org

سان، مەمەتتىمۇ ئۆز قاپقىنىغا شۇنداق قالدى. ئەلەم باينىڭ دادىسىمۇ ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ مىراسى ئەلەم بايغا قالىدۇ. «مەرھەمەتلىك، شەپقەتلىكى ئەلەم سانىڭ، دادىسىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ»، «مەمەت چورۇق» ئەلەم بايغا چەكسىز يىللارغا ئىشلەيدىغان قۇل بولىدۇ. ئەمدى ئۇ، تېخىمۇ ئەسىرلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

مەن يەيدىغان ئازارمۇ يوق، ئاياقمۇ يوق،
ماڭا كورسەڭ پۈتتا چورۇق، ئۈستى باش يوق
... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
نەمە دەيسەن ئايلاپ بىرەر ماي، گۈرۈچ يوق،
بەززى چاغدا ئوزۇقكىنە ئارپا نان يوق.
بايىنىڭ ھەممە تەرەپچىلىك ئىشلىرىنى
مەن قىلىمەن ئوت — چۆپىنى مەن تېرىمەن

دەپ، ئۆزىنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ. لېكىن مەمەت چورۇق بۇ ھاياتنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەپچىلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخى تەھلىل قىلالمايدۇ. ئۇ، تېخى ناھايىتى ساددە، ئۇنىڭ كۆزى تېخى «ئېچىلمىغان». ئۇ، پەقەت كەچىلىرى ئۇخلىماستىن ئويلىنىدۇ. ئۇ، ئۆز ھاياتىنى تەغير تەقدىرگە باغلاپ باقىدۇ.

«روزىنى مەن ئوتتۇمەن، ھېيت باشقىنىڭ
دېگەن گەپلەر مۇشۇمىكىن ؟! .........»

دەپ، ئۇ سۆز ئالغا جاۋاپنى ئۆتكەنلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئىزدەيدۇ. ساددە ئادەم قىلىپ سۆزلەپ بەرەلمىگىنى ئۈچۈن ئاقارىدىن خىجالەت بولىدۇ. شەرقتىن چىققان ئىنقىلاپ دولقۇنلىرىنىڭ ئاۋازلىرى مەمەت چورۇق ياشاۋاتقان سەھراغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ، ئۆلۈم پۇرىقى بۇرنىغا كىرگەن پومىشچىك ئەلەم باي مەمەت چورۇقتا ئويۇقسىزلا مۇلايىملىشىپ، يۇمشاپ قالىدۇ. ئۇ قانداققىز بولسۇن ئۆلۈم ئالدىدىن يانا بىر قېتىم گومىنى ئۈزار ئىشقا ئامال ئىسقەيدۇ.

كىشىلەر بىر – بىرىگە مۇھتاج ئىكەن،
بىزگە ئوخشاش ھۆرمەتلىك ئادەملەر
بولمىغاندا كەمبەغەللەر قېيىن ئىكەن ...
ئەمدى ساڭا بىر گېپىم بار، قولاق سالغىن،
ساڭا ئايلىق كەسىپ قويدۇم مۇشۇ ئايدىن،
بۇ، بولسا قىلغان ئىلتىپاتىم.

دەيدۇ.

ئاقىۋەت مۇشۇ سۆزلەر بىلەن پومىشچىك، مۇشتۇمزور، فىئودالىزمنىڭ زەھەرلىك كېسىلىنى خەلقنى توغرى بەرەلىگەن. ھەقىقەتەن ئۇ تېخى يەھرىلىك ئادەملەر ئۆلۈم خەۋپى كوزگە كورۇنگەندە شۇنداق «يۇمشاق» بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىمكانىيەت تاپسا ئۇلار يانا تىرىلىپ ساڭا قاراپ يۈگۈرەيدۇ. ئۇنداق ئادەملەر تىرادىگەن، ئويتورۇقسىز پەيدۇ. پومىشچىكلارنىڭ تىكلەنگەن خاراكتېر خۇسۇسىيىتىگە مىسال بولالايدۇ.

كۈنلەر ئوتۇپ خەلقنىڭ كوتەرگەن ئازاتلىقىمۇ مەمەت چورۇق ياشىغان سەھراغا قالىپ بايراقلىرى ئاستىدا كىرىپ كېلىدۇ. ئەمدى مەمەت چورۇق ئويغۇنىدۇ. ئۇنىڭ كوزى پەقەت ئەمدى ئېچىلىدۇ. بۇ كوزنى پارتىيە كادىرلىرى ئاچتى. ئەمدى مەمەت چورۇق پارتىيەگە، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ماۋزېدۇڭغا ئىشەندى. ئۇنىڭ سىنىپىي ئەڭگى يۇقىرى دالدا كوتۈرۈلدى. ئەمدى ئۇ ئاقىۋەتكە ئوزى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كوممۇنىستلار پارتىيەسى
كەمبەغەللەرنىڭ غېمىنى يىغلايدىكەن.
ئۇندىن كېيىن چۈشەندىم ھەلەم باينىڭ
ئىش ئالدىدىن ئەلىپ قىلغان ھىلىسىنى.

دەيدۇ. ئۇ نەمە ئۈچۈن ھەلەم باي ئۇنىڭ ئايلىقىنى كەسىپ قويغىنىنى پەقەت ئەمدى چۈشەندى، ئۇنىڭ ئەمدى سىنىپىي ئەڭگى، سىياسىي سەۋىيەسى خەلق زوقۇرى كوتۈرۈلدى، ئۇ، ئەمدى پۈتۈن دېھقانلار نامىدىن ماۋزېدۇڭ ۋە كومپارتىيەگە رەھمەت ئوقۇيدۇ. پوئېمىنىڭ ئاخىرىدا مەمەت چورۇق ئالتە ئەرىيەدىن ئوسۈپ بارىدۇ. ئۇ، يەنى قەدىرى، دىلى ياش بولۇپ ئۆسىدۇ، ئۇ، ئەمدى ئەلەم بايغا باش ئەگمەيدىغانلىقىنى، ئەمدى ھېچقانداق ھىلىگە چۈشمەيدىغانلىقىنى ۋە سەھرادا دېھقانلارنى، دېقسۇللارنى ھىمايە قىلىدىغان «دېھقانلار ئويۇشمىسىنىڭ» بارلىقىنى ۋە خەلق ئەگىسى كومپارتىيە بارلىقىنى ئوبدان چۈشۈندۇدۇ.

تەربىيەتنى بىلدۇرمەيمەن ئەمدى مەن ياش،
راسا ئىشلەي ئەلەم بايغا ئوروش يوق باش،
ئەمدى بىزنىڭ ئەگىمىز بار كومپارتىيە.

پوئېمىنىڭ ئاخىرى مەمەت چورۇقنىڭ بەختلىك ئەركىن زامانى، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ماۋجۇشىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن، ئۇقۇرى ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن تاماملىنىدۇ. پوئېما خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئوشۇق لازىمسىز خەلق چۈشەنمەيدىغان چەت ئەرەپ، پارىس تىللىرىدىن خالى. پوئېمى

www.azizisa.org

نەڭ تىلى ساپ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئاددى كىشىلەر كىمۇ
چۈشۈنۈشلۈك بولۇپ ئۆزىنىڭ نۇتۇقلىرىغا ئىسپەتتەن خە-
لى كۆزگە كۆرۈنەرلىك كەمچىلىكلەردىنمۇ خالى ئە-
مەس. پوئېمىنىڭ كەمچىلىكى - ئۇنىڭ سيۇژېتىدا يول-
داش كەۋىر نىياز پوئېمىدا قەھرىماننىڭ پىسخولوگىيە-
سىنى، ئوقۇقنىڭ سىيىمى كۆرۈلۈشىنى ۋە ئۇنىڭ سەزگۈر-
لۈكىنى ئوبدان كۆرسىتىپ ئالالىغان بولسىمۇ، ئوبراز
تولۇق ئەمەس ۋە پوئېما ھاياتتىن بىر قەدەم ئارقىدا
قالغان. مەسىلەن: پوئېمىدا ئەلەم باينىڭ ئۈستىدىن كۈ-
رەش يۈرگۈزۈش ئېپىزوتى يوق. ھەممىگە ئايدىڭكى،
ھازىر كوممۇنىست پارتىيەسى قەدىمى يەتكەن ھەر بىر
بۇلۇڭ - پۇشقاقتا بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابى خىزمەت ھەل
بولماقتا، ھەممە يەردە دېھقانلارنىڭ تەلىۋى ھەل بول-
ماقتا. ئەگەردە ئەلىنغان تېمىنىڭ سيۇژېتىدا بۇ ۋەقە
بولمىغان بولسا ۋە قەھرىماننىڭ ھاياتىدا ئۆتمى-
گەن بولسىمۇ، شۇ كۆرۈنۈش - ئېپىزوتىنى پوئېمىغا
كىرگۈزۈش - ياماننىڭ ئۈستىدىن ياخشىلىقنىڭ ۋە ھە-
قىقەتنىڭ ناھەق ئۈستىدىن قازانغان تەنتەنىسى-
نى كۆرسىتىش لازىم ئىدى. شۇۋاقىتتا مەنە چوڭقۇر
ئوبرازى تېخىمۇ تىپىكلەشكەن، تېخىمۇ تولۇق
ۋە تېخىمۇ ئاكتىۋ ئال ئوبراز بولۇپ، بۇ
پوئېمىنىڭ جەمئىيىتىمىزدە قىلغان خىزمىتى، ھازىر جەم-
ئىيىتىمىزدە دېھقانلار مەسىلىسىنىڭ ئەكسىنى يۇقۇرى
كۆتۈرۈشتە ئوينىغان رولى بىر قەدەر يۇقۇرى كۆتۈ-
رۈلگەن بولۇر ئىدى. پوئېمىنىڭ يانە بىر كەمچىلى-
كى - پارتىيە كادىرلىرىنىڭ ئوبرازىنىڭ ئەنىق ئەمەس-
لىكىدە، تولۇق ئەمەسلىك ۋە تۇمانلىق بولۇپ قالغان-
لىقىدادۇر. پوئېمىدا سەھرالارغا پارتىيە تەشۋىقاتى-
ئۈچۈن چىققان ۋە ماسسا ئىچىدە تەشۋىق - تەرغىب ئىش-
لىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە جايلاردا مۇشتۇمزور
پومېشچىكلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەش-
لەرگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان پارتىيە كادىرلىرىنىڭ
رولى كۆرسىتىلمىگەن. ئافتور بۇ مۇھىم مەسىلىگە پە-
قەت ئىككىلا مىسرا بېغىشلايدۇ.

ئاز كۈن ئۆتەدى مەلىكە ساڭا ئوخشاش
ئوقۇغانلار، ياش ۋېكىللەر جىق چىقىشتى.

دەپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ مىسرالار ھازىرقى سەھراھا-
ياتىغا كاپالەتلىك بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۆتمۈشتىمۇ
ۋە «ئوقۇغان» بىرئاز ئەپەندىلىرى سەھرالارغا چىق-
قان. ئۇلار سەھراغا داملاشا، ئەيشى - ئىشرەتكە چۈن
چىقاتتى. ئۇلار خەلىق ئۈچۈن نېمە قىلدى؟ خەلىقنىڭ
بەختى - سائادىتى ئۈچۈن ئۇلار نېمىلەر قىلدى؟ پەقەت
ھېچ نېمە! بۈگۈنكى ئوقۇغانلار - بۇلارنىڭ كوپلىرى ھەق-
قىقى پارتىيە تەربىيەسىنى، ماۋزېدۇڭ مەپكۇرىسى-
نى ئۆگەنگەن خەلىق كادىرلىرى. ئۇلار خەلىق-
نىڭ سىنىپىي ئەڭگىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ۋە ھۆكۈمەت،
پارتىيە سىياسىتىنى تەشۋىقات قىلىش ئۈچۈن خەلىق يو-
لىدا خىزمەت قىلماقتا!

يولداش ئافتور بۇ زور مەسىلىگە ياخشى چۈشەن-
مەيدۇ. بۇ بولسىمۇ، كەۋىر نىيازنىڭ ھاياتىمىزغا تېخى
چوكۇپ كىرەلمىگەنلىكىنى
www.azizisa.org
مەت قائىدىمىزغا تېخى دەس سەكرەپ چۈشمىگەنلىكىنى
كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پوئېما ھازىرقى ھاياتتىن
بىر قەدەم ئارقىدا قالغان. بۇ پوئېما بۇ قىسمەن كەمچى-
لىكىغا قارىماستىن جەمئىيىتىمىزدە خەلى زور خىز-
مەت قىلغۇسى. دېھقانلار تېمىسىغا تېپىپ
جان ئەلىيۇۋ ئۆزىنىڭ «ۋىراقتىن خەت» دېگەن كىچىك
پوئېمىسىنى بېغىشلايدۇ. ئافتور بۇ تېمىدا ئەدەبىيا-
تىمىزدا ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردىن بولغان ئىككى مە-
سىلە ئۈستىدە ئىشلەيدۇ.

بىرىنچى مەسىلە، دېھقانلار سىنىپىنىڭ سىنىپىي
ئويغۇنۇشى ۋە ئىككىنچى مەسىلە، شائىر ئۆزىنىڭ
يۈتۈن ئۆتكەن ئۆمرىدىن خۇلاسە چىقىرىش ۋە شىڭ-
جاڭ سەنئەتچىلىرىنىڭ ۋە ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ ئازات-
لىقتىن كېيىنكى ھاياتىدا زور يۈرۈش ياساش مەسى-
لىسى. بۇ پوئېمىنىڭ قىممىتى مېنىڭچە ئافتور ئۆزىگە
مەخسەت قىلىپ ئالغان مەسىلىلەرنىڭ ئىككىنچىسىنى توغ-
رى ھەل قىلىشتا بولسا كېرەك. پوئېما چىرايلىق ئۇ-
سۇل بىلەن بىر دېھقان ۋىگىتىنىڭ سۆيگەن قىزىغا ياز-
غان خېتى تەرىقىسىدە يېزىلغان. پوئېمىدا شۇ دېھقان
ۋىگىتى ئۆسكەن «دەرتمەن يېزىنىڭ» ئېغىر ئۆتمۈشى
ۋە پوئېمىنىڭ قەھرىمان ۋىتىم، سارغايغان، ئېزىلگەن -
يەنچىلگەن مىسكىن سەھرا قىزىنىڭ ئوبرازى بېرىلى-
دۇ. قىز ئوبرازى ئۇنىڭ پسىخولوگىيەسى ئافتور سۆزى
بىلەن بېرىلگەن بولسىمۇ، يەنە قەھرىماننىڭ ئۆزىنىڭ
ھەركىتى بىلەن بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئوبراز خەلى
ئۇچۇق بېرىلگەن. پوئېمىنىڭ قەھرىمانى بۇرۇن ئېزىل-
گەن - يەنچىلگەن ۋىتىم قىز بولۇپ، ئالكىيىز ئازات
بولغاندىن كېيىن ئازات، ئەركىن ھايات كەچۈرۈشكە

www.azizisa.org

باشلايدۇ ۋە شەھەرگە چۈشۈپ، كۈرەش پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە چىقىدۇ. ئۇنىڭ سىنىپىي ئەڭگى ئۆسۈپ كادىر بولۇپ يېتىشىدۇ. بۇ، تىپىكلەشكەن ئوبراز. بۇ، پوئېمىدىكى ئارتۇقلۇق. پوئېمىنىڭ ئەڭ زور ئۇتۇقى؛ دېھقان ژىگىتىنىڭ تىلى بىلەن بېرىلگەن ئۇنىڭ ھاياتىدىكى كەسكىن ئۆزگىرىشى. ژىگىت ئۆزىنىڭ ۋە قىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئېغىر ھاياتىدىن نالە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئېچىنىدۇ. «قارا كۈنلەرنى ئويلاپ بىر قاتار، بىر ئۇھ تارتىپ بىر ئۆكۈنگەنسەن؟» دەپ قىزغا سوئال قويىدۇ. «بىز ئۇزۇن زامانلار، خۇدايىمدىن ئىنساپ تىلەپتۇق، غېرىپ، گادايلار ئوملۇشۇپ ئۇرغان، مۇشنىڭ كۈچىنى داخشى بىلمەپتۇق» دەپ ئۆتمۈشتىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇتتۇنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. ژىگىت ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتە بۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگىنىنى ۋە ئۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتەرمىگىنىنى، قەلىمى بىلەن بولسىمۇ قارشى كۈرەش قىلالمىغىنىنى سۆزلەيدۇ. بۇيەردە دېھقان ژىگىتى ۋە ئۇنىڭ سۆيگىسى قەھرىمانىنىڭ سىنىپىي ئەڭگى ژۇقۇرى كۆتۈرۈلگەنلىكى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئولكىمىزنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىن «ژۇرتۇمىزغا ئېشەنچە ئورناتقان، بىلەككە قۇۋۋەت، كۆڭۈللەرگە چىراق، ژۇلتۇزغا دەككە بەرگەن، كۆتۈرۈلگەن شانلىق تۇر بولۇپ بىز ئۈچۈن ئەركىن ھايات ياراتقان؛ قىشلارنى قوغلاپ، باھار يازلارنى كەلتۈرگەن ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋزېدۇڭ ۋە كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ پارلاق قۇياشى بۇ دېھقان ژىگىتىنىڭ ھاياتىدا كەسكىن ئۆزگىرىش ياسىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ژىگىت ئەمدى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ يېڭى دۇنياغا يېڭىدىن تۇرەلگەندەك بولۇپ ئۆسىدۇ.

ھەر بىلمەيتتىن قۇتۇلغان ھەق بىز،
زامان بىزنىڭكى!

دەپ بۇ زاماننىڭ ۋە پوئېمىدىكى قەھرىمان ئوخشاش يوقسۇل دېھقانلىرىنىڭكى ئەركىنلىكىنى كۈيلەيدۇ. دېھقان ژىگىتى ئەمدى مېھنەتنىڭ، ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى سېزىدۇ ۋە بۇ ئۇلۇغ كۈچ ھاياتنى - كۈرەشنى ياراتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ سۆيگىسى - پوئېمىنىڭ قەھرىمانىسىنىڭ يېزىغا ئالىيىيەت بىلەن بارىدىغانلىقىنى ئەيتىپ ئۇنىمۇ شۇ ئۇلۇغ «ئەمگەكتۇيغا» قىچقىرىدۇ «مەنمۇ سېنىڭ تەشىگىغا بارىمەن، لېكىن سېنى كۆرگىلى ئەمەس، سېنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئەندى شۇ مېھنەت مەيدانىدا ئىشلەش ئۈچۈن بارىمەن» دەيدۇ. ئۇ بۇگۈن مېھنەتنىڭ - مېھنەتكەشلەرنى بىرلەشتۈرۈشتىكى ئاساسى رولىنى «بۇ ئەمگەك بىزنى بىرلەشتۈردۇ» دەپ توغرى بېرىدۇ. ئەگەردە ژىگىت: «مەن كۈرەش يولىنى بۇرۇن تاپقان بولسام ئىدىم، مەن ھاياتنى مۇنداق باشلىماس ئىدىم» دەيدۇ. ژىگىت بۇگۈن دەرتنىڭ پۈتۈن سېرىنى، كۈرمىڭ گادايىنىڭ ئادا - جۇدا تەقدىرىنىڭ سىرىنى ۋە

www.azizisa.org

بۇگۈن چۈشەندىم. سەنمۇ بەلكى چۈشەنگەنسەن» دەيدۇ. ژىگىت ئەمدى قالغان ئۆمرىنى كۈرەشكە، خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئىشلەشكە ئاتاپ سۆيگۈسىگە:

ئەمدى بىزنىڭ دىل
ئۆزىمىز ئۈچۈنلا قايغۇرۇپ كەتمەس.
تۇرمۇش سېرىنى بىلگەن كىشىگە
يالغۇز ئۆزىنىڭ ئارزۇسى يەتمەس...
بىز ياشايمىز (ئۇنۇتما جېنىم)
تۈمەن ئارزۇنىڭ قاينامىلىرىدا!
ئۆزىمىز يوقسۇلغا بەخت يارىتىش،
ئۇلۇغ جەلىش قاينامىلىرىدا!...

پۈتۈن ھاياتىنى يېڭى قەھرىمانلارنىڭ ئارزۇ - تىلىكى ئۈچۈن شۇلارغا بەخت يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بېغىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ - ئۆز قەھرىمانىغا قارىتىپ، ئۇنى كۈرەشكە چاقىرىپ «ئۇلۇغ كۈرەشتە ئىلمەك ئارمانىمىز يوق، سەنمۇ زادى چارچىدىم دېمە»:

خەلىققە شۇنداق ئىشلەشكە
قەرزدارمىز بىلىپ قوي بۇنى.

دەپ خەلىق ئالدىدىكى ئۆزىنىڭ قەرزىنى بىلدۈرىدۇ.

ژۇقۇرىدىكى سۆزلەر بىلەن ژىگىت ئۆتكەن ئۆمرىگە رەددىيە بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەپسۇسلىنىپ بۇگۈنكى ھاياتقا باريكاللا قويىدۇ. بۇگۈن ئۇلۇغ كۈرەش كۆڭلىرى ھەر بىر سەنئەت، ئەدەبىيات خادىملىرىنىڭ ئالدىغا: سەن خەلقىڭ ئۈچۈن نېمە قىلدىڭ ۋە كەلگۈسىدە نېمە قىلماقچىسەن؟ دېگەن سوئالنى قويىدۇ. بۇ سوئال پۈتۈن سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۆتكەن ھاياتىدىن خۇلاسە چىقىرىشنى ۋە كەلگۈسى خىزمەت نىشانىسىنى بەلگۈلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭچە مۇشۇ كەمگىچە بۇ تېما ئۈستىدىن ئىشلەشنى ھېچ كىم ئۆزىگە مەخسەت قىلىپ قويمىدى ۋە ئۇنى قىلىشقا ئۇرۇنمىدى. بۇ مۇھىم تېمىنى يەشىشنى تېپىپ جان ئۆزىگە مەخسەت قىلىپ قويدى. شائىر بۇ مۇھىم تېمىنى ئەدەبىياتتا

www.azizisa.org

چىرايلىق ئۇسۇل بىلەن يەئنى بۇ ئىيمىنىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ ھەسسىياتىنى ۋە دېخان يىگىتىنىڭ ئۆز سۆيگۈسىگە يازغان خېتى ئارقىلىق بەردى.

پوئېمىنىڭ 2 - زور ئۇتۇغى، ئۇنۇڭ تىلىدا. تېيىپ جان ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىنى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. تېيىپ جان خەلقىگە چۈشۈنۈشلۈك سۆزلەر بىلەن سۆزلىرىدە خەلق ماقالىلىرىنى، مىساللىرىنى قوللىنىشقا تىرىشىۋاتىدۇ: مەسىلەن: «پۇلى بارنىڭ گېپى ئۆتۈك، پۇلى يوقنىڭ گېپى تۆتۈك»، «ئاياقنى ۋىتىم، ھالىڭنى ھېكىم يەر» دېگەن ماقالىلار ۋە خەلق تىللىرىدىن ئېلىنغان «پېشت، سىر كېسىيمۇ قالمىسۇن، ھارام تاماقلار، كوز، سەنەملەر» دىگەندەك.

بۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى زور يېڭىلىق، بۇ ئەدەبىي تىلىمىز ئۈچۈن بولىۋاتقان كۆرەشنىڭ بىرىنچى ئىپادىسىدۇر. تېيىپ جاندىكى بۇ يېڭىلىق، بىزگە كەلگۈچەك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئامىۋىلاشتۇرۇش ئىشىدا ئۇنىڭغا زور ئۈمىت باغلاشقا ھوقوق بېرىدۇ.

يولداش تېيىپ جاننىڭ ژۇقۇرقى زور ئۇتۇقلىرى ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە، بۇ پوئېمىدا كۆرۈنگەن قىسمەن كەمچىلىكلەر ئۈستىدىن سۆزلەشكە توغرى كېلىدۇ.

1 - كەمچىلىك پوئېمىنىڭ سيۇژېتىدە مەسىلەن: پوئېمىدا ھاشىم باينىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن كۆرەش مەجلىسى يوق.

2 - قەھرىماننىڭ ئوبرازىنىڭ تولۇق بولماسلىقى.

3 - ئەدەبىي - سەنئىتىنىڭ قىسمەن كەمچىلىكىدا.

1 - مۇختار باينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى ھاياتى ھەققىدە پوئېمىدا سۆز يوق. ئۇنۇڭ ئۈستىدىن قەھرىماننىڭ قازانغان غەلىبىسى كۆرسىتىلمىگەن.

2 - قەھرىماننىڭ شەھەرگە چۈشۈشى ئۇنۇڭ كۆرسىنى يۇتتۇرۇپ چىقىشى، ئۇنۇڭ پىسخولوگىيە ئۆزگۈرۈش جەريانى، قانداق تەسىرات ۋە كىملەرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا قىزخەلىق ئالدىدا باي ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىقى ھەققىدە سۆز يوق. پوئېمىنىڭ

3 - كەمچىلىكى، ئۇنۇڭ ئەدەبىي - سەنئىتىدە. تېيىپ جان ئاكتىۋ ئال ئىيمىلارنى تاللاپ يېزىشقا تىرىشىدىغان، ئۇ ھاياتنىڭ قاينىمىغا كىرىشكە ئۇمتۇلىدىغان ۋە ھەمىشە بىلىم ئىزدەپ ئۇستىلۇغىنى ئۈستۈرۈشكە ئۇمتۇلىدىغان قەلەم ئەگىلىرىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىلى بولۇنى

ئۆلكىمىز بويىچە ئوتكۈزۈلگەن بىرىنچى تۇۋەتلىك ئەدەبىي - سەنئەت مۇسابىقىسى كۆرسەتتى. شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق، تېيىپ جاننىڭ مەزمۇنلۇق، شەكلى ۋە سەنئىتى گۈزەل شېئىرلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئەدەبىي - سەنئىتى ۋەيرەنەك. قانداقتۇ بىر ئالدىراشلىق بىلەن يېزىلغان ۋە رەڭسىز بوش قاپىيە ۋە كۈچسىز مىسرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرلىرى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ياشلىق تويىسى» دېگەن شېئىر. بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە مىساللارنى ئۆزىمىز كۆرۈپ ئۆتكەن پوئېمىدىن كۆرسىتىشكە تۇرۇپ باقىمىز. مەسىلەن: پوئېمىدا ئوت كۆز، چىرايلىق ۋە روھى كۆتۈرەڭگۈلۈك ياقۇس بىلەن يېزىلغان. «كۆكۈللۈك ماڭا قۇچاق ئاچاتتى»، «سەنسىز ئۆي يىسام، چەكسىز شېرىن رەخمەت ئامرىقىم ساڭا»، «بەختىمىزگە ئىشەندۇق تاغدەك»، «ئالدىمىزدىكى ئەتىكى بەخىت كۆرۈنىدۇ، خۇددى گۈلباغدەك» دېگەن چىرايلىق مىسرالارنىڭ قاتارىدا روھسىز، ئاجىز ۋە سەنئىتى تۆۋەن «يېزىمىزدىكى جېقلا ئادەملەر»، «بىزنىڭ ئىشلار خەلى بار يەنە» دېگەن مىسرالار كىرىپ قالغان. يەنە شائىر ژۇقۇرى روھ بىلەن ئىلھامى تاشقان ۋاقىتتا ئۆزى سەزمەستىن قايسى بىر ۋاقىتتا قاپىيە ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، ئانچە چىرايلىق بولمىغان ۋە تىلىمىزغا ياتسىزلەرنىمۇ كىرگۈزۈپ قويىدۇ. مەسىلەن: «ياشلىماس ئەدىم، تاشلىماس ئەدىم» - دېگەن سۆزلىرىگە يانداش قىلىپ «بۇ كۆزلىرىمنى ئۆز دەردىم ئۈچۈن ياشلىماس ئەدىم» دەيدۇ. مېنىڭچە ياشلىماس ئەدىم دېگەن سۆز ئانچە ئۇتۇغلۇق ئەلەنمىغان. نەق شۇ كەمچىلىك يەنە بىر شائىر يېزىق ئاباليز نازىردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئۇنۇڭ «يېڭى دوس تاپتىم» دېگەن شېئىرىدا «كومپارتىيە كەلدى بىزگە، سېزىملۇك ئۈستاز كەلدى، قىشلار كېتىپ ئەبەدىكە، زەپ چىرايلىق ياز كەلدى» دېگەن چىرايلىق ۋە ژۇقۇرى روھ بىلەن يېزىلغان مىسرالارنىڭ ئارقىدىن «كومپارتىيە تازىلىدى كۆزلەردىكى چاپاقنى، ئوگەتتى بىزگە ئوبدان كۆرەلەشنى ئۇزاقنى» دېگەن ئاجىز مىسرالار بىلەن شائىر بۇ چىرايلىق شېئىرنىڭ گۈزەللىكىنى، ئاھەڭىنى ۋە ئومۇمەن قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. يەنە «يازغان ئاگالدايدۇ، شاختىۋور ۋاكىلدايدۇ» دەيدۇ. شاختىۋور ۋاقىرىشى، ھاقىرىشى مۇمكۈن، ۋاكىلدىشى ئەلۋەتتە مۇمكۈن ئەمەس. ۋاقىلىدە ئۆگۈشمەز قەلىنىغان.

www.azizisa.org

يەنە ئافتورنىڭ «كومپارتىيە تازىلىدى كۆزىمىزدىكى چاپاقلارنى» دېگەن مىسراسى ئوتۇنسىز ئېلىنغان چىرايلىق يېزىلغان بۇ شېئىردىكى بۇنداق مىسرالار ۋە بولۇپمۇ «چاپاقنى» دېگەن سۆزلەر شېئىرنىڭ سەنئىتىنى ۋە گۈزەللىكىنى يوقۇتۇپ قويۇشقا سەۋەپ بولغان. بۇ كەمچىلىك پەقەت ياش شائىرلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئۇزاغراق توختۇلۇپ، ئۇنى «رەندىلەپ» ئىشلىمەسلىكىدەدۇر.

سوۋېت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ماياكوۋسكىي ئۆز ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئالدىرىماستىن، چوڭقۇر ئىشلەيدىغان. ئۇ «شائىرغا 8 سائەتلىك ئەمەس، 18 سائەتلىك ئىش كۈنى خاراكتېرلىق» دېگەن يانا «شائىر ئادزىم تىللار، جۈملىلەر، قاپىيەلەر لۇغىتى يىغىشى لازىم» دېگەن ئىدى.

ماياكوۋسكىي ئۆزىنىڭ داڭلىق «سېرگى يېسىنىنگە» دېگەن شېئىرىدا پەقەت بۇ مىسرانى تاللاپ ئېلىش ئۈچۈن مەزمۇنى بىر، سەنئىتى ۋە ئۇزۇنلۇقى باشقىچە 12 مىسرانى يېزىپ شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر مىسرانى تاللاپ ئالغان. يەنە بىر تەشۋىقات خاراكتېردىكى شېئىردا «ۋېسسوروسسكايا»، «ۋستاۋكا» دېگەن سۆزلەرگە قاپىيە ئىزدەپ 60 ئورلۇك سۆزنىڭ ئورلىرىنى يېزىپ، شۇلاردىن قاپىيەداش سۆزلەرنىڭ ئوبدانلىرىنى تاللاپ ئالغان ئىدى ۋە ئۇ بىر شېئىرىدا «بىر سۆزنى تاللاپ ئېلىش ئۈچۈن تىل بايلىقىنىڭ يۈز توننىسىنى ئاختۇرۇپ تاشلاش كېرەك» دېگەن.

تىيىپ جاننىڭ ۋە ئابلىز نازىرىلەرنىڭ ئۆسۈپ گۈللىنىپ كېلىۋاتقان ئىجادى ئۇلاردىن يانىمۇ قاتتىق ئۆگۈنۈش، يانىمۇ تىل ۋە بىلىم بايلىقىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شىڭ جاڭ قەلەم ئەگىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئايىبىر يولداشلار بۇ مۇھىم تېمىنى يالغۇز يېشىشلا ئەمەس، ئۇنىڭ ھۆددىدىن چىقىش ئەمەس، بەلكى مۇشۇ تېما ئۈستىدە زور خاتالىقلارنىمۇ قىلىپ قويۇشتىن خالى ئەمەس. بۇنىڭغا قۇربان ئىمىننىڭ «ئالتۇن گۈل» دېگەن داستانى مىسال بولالايدۇ. مەسىلەن: ئافتور قەھرىماننىڭ ئالتۇن گۈلنىڭ سىنىپىي ئويغۇنىشىنى توغرى بەرەلمىگەن. دېخان قىزى ئالتۇن گۈل ھەتتا ئويغۇنۇپ ئاڭ تەرىپىدىن ئۆسۈپ يېتىشكەن بىر ۋاختىدىمۇ ئۇ، ئۆزىدە بولغان مىشچانلىق، ئۇششاق بورژۇئازلىق، قالاقلىق مەپكۇرىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

قەھرىمان ھەتتا ھاشىم باي ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىقىنىغا خاپا بولۇپ يىغلايدۇ.

قوغلىۋەتتى ھاشىم باي،
ژۇرۇگۈمگە داغ سالدى.

دېمەك ئالتۇن گۈل مەجبۇرىيەت ئاستىدا ھاشىم باينىڭ ئۆيىدىن، ئۇنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كەتكىنى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدۇ. قايغۇرىدۇ. ئۇنىڭ ژۇرۇگى «ھاشىم بايدىن ئايرىلىپ داغ بولدى» بۇ توغرا خاراكتېرلىكمۇ؟ ئەلۋەتتە ياق، ئاڭلىق دېخان قىزى ئۆزى سۆيمىگەن قىرى باي، قىرى شاگىيۇدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئۇمتۇلىدۇ. ئۇ ھەتتا ئۆلۈمگە تەييار بولىدۇ. مەسىلەن: زىيا سەمىدىنىڭ «قانلىق داغ» دېگەن دىرامىسىدا روشەن گۈل بۇ ئەغىر كۈلپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ، ياش جېنىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ توغرا بېرىلگەن.

قۇربان ئىمىننىڭ داستانىدا بۇ توغرا ھەقىقەتكە قايچى كېلىدۇ. قەھرىمان مىشچان. ئۇ، ياخشى باي تۇرمۇشتا تۇرۇشنى ئىستەيدۇ. بۇ خاتا!

قەھرىمان يەنە شۇنداق دەيدۇ:

ھەر قاچان توي بولسا
قىزغا تويلۇق سالاتتى.
ئانچە - مۇنچە داغ - دۇغا -
بىلەن قارى ئالاتتى.
ئەمگە بولالماپتىمەن
ۋىگىنە چاغلىق نەسىگە!....

بۇ، زور خاتالىق. ھازىرقى سىنىپىي ئەمگى ژۇقۇرى كوتۇرۇلگەن، ماۋزېدۇڭ مەپكۇرىسىگە ئەمگە بولغان يەڭگى قىز، يەڭگى كادىر بالىلاردىن، تۇرمۇشتىن كېيىم تويلاردا داغ - دۇغا تويلۇق كەتمەيدۇ.

بۇ خاتالىق مېنىڭچە ئافتور قانچىلىك ياساپ، قانچىلىك بوياپ ھەل قىلىشقا ئۇرۇنغان، مەپكۇرە مەسىلىسىنىڭ تېخى بىر ئۇقۇمغا كەلمىگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تېخى ھاياتىمىزدا قالاق ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ بۇگۈنكى كورەشلىرىمىزنىڭ ئەشىدا قالغانلىقىنى كورسىتىدۇ. بۇ ئىدىيىئالوگىيالىق خاتالىق.

ق. ئىمىننىڭ ئەدىبى - سەنئىتى ناچار بولۇپ، ئۇنىڭ قاپىيەگە، شەكىلگە بەك سوزۇلىدۇ. ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ مەنتىقىسىغا، ئەدىبىياتنىڭ نەزەرىيەسىگە موۋاپىق بولمىغان ئەسۋىر، قاپىيە ۋە سۆزلەر جىق. ئۇنىڭ بىر كوبلېت شېئىرىنىڭ ئالدىنقى 2 مىسراسى بىر

www.azizisa.org

مەئنا ئۇستىدە ۋە قالغان 2 - 2 - مەئنا ئۇستىدە سۆزلەيدۇ ۋە مەزمۇن جەھەتتە ئىزچىللىق يوق. بۇ ئاپتوردىن كۆپ ئوگىنىشنى ۋە ئۆز ئىجادىدا كەسكىن بۇرۇلۇش ياساشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شىنجاڭ پوئېزىيەسىدە دېخانلار تېمىسى ۋە ئۇلارنىڭ سىنىپى ئويغىنىشى، تېيىپ جاننىڭ «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز» دېگەن كىچىك پوئېمىسىدە خېلى ئوتتۇرىلىق يېشىلگەن. سىنىپى ئەڭگى ژۇقۇرى كوتۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ پىك-رىنى ئەمدى بىر كىشىگە چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ھەقىقەتنىڭ كۈچىگە ئىشەندۈر گۈچىلىك سىياسى سەۋىيىگە كوتۇرۇلگەن دېخان زىيەگىتى توختى چوڭ بۇ پوئېمىدا شىنجاڭ دېخانلار سىنىپىنىڭ سىنىپى ئەڭگىنىڭ قانچىلىك ژۇقۇرى كوتۇرۇلگەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ. توختى چوڭنى ئەمدى مەجلىسلەرگە كادىرلار تەكلىپ قىلىپ ئەلىپ بارىدۇ. ئۇ مەجلىستە «ئاڭلىمىغان سوزلەرنى» ئاڭلايدۇ. مەجلىستە كادىرلار شىنجاڭ دېخانلار سىنىپىنىڭ قانچىلىك ئەزىلگەنلىكىنى ۋە بۇ ئېزىلىشنىڭ سەۋەبچىلىرىنىڭ كىم ئەكەنلىكىنى ئوبدان چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار «ھەممە ئادەم ئوخشاش»، «ھەممە ئادەم ئىشقا چۈشلۇق ئاش يىيىش كېرەك» دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئاپتور پوئېمىدا توختى چوڭ بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ دىئالوگى ئارقىلىق ئىنقىلابى لوزۇنكىنى بېرىدۇ. مەنىڭچە پوئېمىنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرسى ئەنە شۇ شوئارنىڭ توغرا بېرىلگەنلىكى ۋە بۇ شوئارنىڭ ئىنقىلابى روھىدا:

ئەمگەكچىلەر بىرىنچى ئادەملەر،
ئۇلار بۈگۈن دەس كوتەرسۇن قەددىنى!

توختى چوڭ بۈگۈن خۇددى ئوزىگە ئوخشاش يوقسۇل باليلىرى - پارتىيە كادىرلىرىدىن مىننەتدار. شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمدى ئۇنىڭ قەددى ژۇقۇرى كوتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ سىنىپى ئەڭگى ژۇقۇرى بالداقتا كوتۇرۇلۇدۇ.

توختى چوڭنىڭ سىنىپى ئەڭگى، ئۇنىڭ سىياسى سەۋىيەسى شۇنچىلىك ژۇقۇرى كوتۇرۇلدىكى، ھەتتا ئۇ، ئوزىنىڭ خۇراپى، ساۋاتسىز ئانىسىنى شۇ ھەقىقەتنىڭ كۈچىگە ئىشەندۈرىدۇ.

توختى چوڭ ئەمدى كوممۇنىستلارنىڭ، ھەقىقەتنىڭ ۋە ئىشچى - دېخان ئەمگەكچىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ، ئۆز زامانىدىن رازى ۋە بۈگۈنكى ھايات ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئۆچمەس ھەۋەس بولۇپ كىرىۋاتىدۇ.

قورقما ئانا، زامان بىزنىڭ، ئىشەنچىلىك،
ھور ئوينايلى، ئوزىمىزنىڭ ھەيتىنى.
ئەنە زادى قولىمىزدىن بەرمەيلى،
ئازات، ئەركىن، سائادەتلىك پەيتىنى.

تېيىپ جان ئەلىيېۋنىڭ بۇ شېئىرى - شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ دېخانلار سىنىپى ئەڭگىنىڭ ئوسۇش تېمىسىنى يېشىشتىكى ھەرىكىتىنىڭ بىر قەدىمى ۋە بۇ شېئىرنى بىز ئۇتۇغىمىز دەپ ئاتالايمىز. شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تېمىلاردىن بولغان - شىنجاڭ ئاكا - ئۇكا مىللەتلىرىنىڭ دوستلۇغى تېمىسى تېخى پوئېزىيەمىزدە ئورۇنلىمىدى. ئەمىگىدۇ، بىزنىڭ قەلەم ئەگىلىرىمىز بۇ تېمىنى يېشىشكە ئورۇنماقتىدۇ.

بۇ تېمىنى تېيىپ جان ئەلىيېۋ ئوزىنىڭ «توي» دېگەن لىرىك شېئىرىدا قىسمەن يەشتى. تېيىپ جان بۇ شېئىرنى لىرىكا، چىكىنىش بىلەن باشلايدۇ ۋە ژۇقۇرى روھلۇق لىرىكا بىلەن تاماملايدۇ.

بۇ توي - ئوموم خەلىقلەرنى بىر ئەشتۇرگەن دولەت تويى - ئۇ تويىنى بىزگە ئىشچىلار سىنىپى ئەلىپ كەلدى.

www.azizisa.org

«بۇ تويىنىڭ ئەگىسىمۇ، ئۇسۇلچىسىمۇ، چاقچاقچىسى ۋە ماقالچىسىمۇ ئوزىمىز» بۇ تويىنى:

خىتاينىڭ غىجىكى، تۇڭگاننىڭ نەيى،
ئۇيغۇرنىڭ دۇتارى، موڭغۇلنىڭ خورى.
قازاقنىڭ دومبۇراسى، رۇسنىڭ گىتارى،
ئازاتلىق كۈيىنى كۈيلەيدۇ بەرى.

شائىر تويدىكى شاتۇ - شەرەپ ۋە داغ - دۇغا ئارقىلىق مىللەتلەر دوستلۇغىنى بەرگەن. بۇ تېمىدا ئاپتور مىللەتلەر دوستلۇغىنى ئىنتېنسىكاس ئېتىشنى مەقسەت قىلمىسىمۇ، بۇ شېئىردا شۇ تېما قىسمەن يېشىلگەن.

ھازىر شىنجاڭ قەلەم ئەگىلىرىدىن بۇ مەسىلە خېلى زور نەزەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بۈگۈنكى كوممۇنىستلار پارتىيەسى ۋە ماۋزېدۇڭ قۇياشى ئاستىدا تۇغۇلغان مىللەتلەر دوستلۇغى ئەدەبىياتتا مۇھىم تېمىلاردىن بولۇشى ئەلۋەتتە لازىم.

ئەسىرلەر بويى ئەڭ نامراتلىق ۋە ئازاب، غەمكىنلىك ھاياتىنى كەچۈرگەن ۋە بۈگۈن ئازات بولۇپ ئەرلەر بىلەن تەڭ ھوقۇقتا مېھنەتتە، كورەشتە ۋە پۈتۈن ھاياتىدا قولنى - قولغا، يەلكىنى - يەلكىگە تىرەپ، ئەرلەر بىلەن بىللە مېھنەت قىلىۋاتقان ئازات شىنجاڭ ئاياللىرى، شات شىنجاڭ قىزلىرىنى بىز تېخى

www.azizisa.org

ئەدەبىياتتا كۆرەلمىدۇق. شىنجاڭنىڭ ئازات ئايسالى ئازاتلىق بىلەن بىللە تۇغۇلسىمۇ، تېخى ئەدەبىياتىمىزدا تۇغۇلمىدى.

بۇ مۇھىم تېمىمۇ بىزنىڭ قەلەم ئەگىلىرىمىزدىن زور خىزمەت تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تېما ئۈستىدىن قەلەم ئەگىلىرى يازمىدى ئەمەس، يازدى. لېكىن ئۇتۇقسىز. مەسىلەن: ئۆمەر ئىمىننىڭ «سىگنالىمغا»، غەيۇرانىڭ «مارت قىزىغا» دېگەن شېئىرلىرى خېلى ئۇتۇغلۇق يېزىلغان بولسىمۇ، بۇ — شىنجاڭ قىزىنىڭ ئوبرازىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. بۇ تېمىنىڭ پوئېزىيەمىزدە تۇغۇلۇشىنى بىز تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىمىز.

جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ خوشنىسى ۋە قېرىندىشى بولغان چاۋشەن خەلقىغە ياردەملىشىپ، ئامېرىكا باسقۇنچىلىرىغا قاتتىق نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربىلەر بەرمەكتە. شىنجاڭ خەلقى ئۆزىنىڭ ئەمەلى ھەركىتى بىلەن ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم قىلماقتا.

شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تېمىلىرىدىن بىرسى — بۇ، ئەنە شۇ ئاكتىۋ ئال تېمىلاردىن بولغان ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم قىلىش تېمىسى.

شىنجاڭ پوئېزىيەسى بۇ مۇھىم تېمىنى يەشىپ كېتەلىدى. ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالىدى دېسەك ئەلۋەتتە مۇبالىغە بولىدۇ.

بۇ تېما بىزنىڭ پوئېزىيەمىزدە ئۆزىگە مەنسۇپ ئورۇننى ئالالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، قىسمەن ئۇتۇقلىرىمىز بار:

ياش شائىرىمىز ئابلىز نازىرى ئۆزىنىڭ «خۇاڭخە دولقۇنى» دېگەن شېئىرىنى بۇ تېمىغا بېغىشلايدۇ. شائىر بۇ شېئىردا «چاۋشەن يېرىدە غالجىر بىر لەھەڭ، تىررومىن باشلىغان ۋەھشى قوزغۇلار، ئوتلارنى كۆككە كۆتەرمەكتە. ئۇ يەردە ياش بالىلار شۇ ئوتتىن قېچىپ چىقىرالماقتا، تەنتىرەشمەكتە» دەپ چاۋشەندىكى بالايى — ئاپەتلەر ئۈستىدىن سۆزلەيدۇ. شائىر جۇڭخۇا خەلقىنىڭ ئاۋازى بىلەن «ئۇ بالايى — ئاپەتكە بىز سوغاق قان بىلەن قاراپ تۇرالمايمىز» ئۇلار بىزنىڭ قېرىنداشىمىز بولغىنى ئۈچۈن:

خەنجىڭدا بولۇۋاتقان بالايى — ئەزىمگە
بىزنىڭ ژۈرەككۇ سىقىرايدۇ
قېرىنداش بولغىنىمىز ئۈچۈن

خەنجاڭدا ئاقسا بىھۇدە قانلار
ھەقلىق خۇاڭخەمىز ئۇرۇشتا دولقۇن.

چاۋشەندىكى بالايى — ئەزىملەر خۇاڭخە سۇلىرىنىمۇ ئور كەشلىتىدۇ. خۇاڭخە غەزەپكە كېلىپ دولقۇن ئور كەشلىرىنى پەلەككە كۆتۈردى.

خۇاڭخە دولقۇنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم قىلىش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتىنىڭ سىمۋوللاشقان ئالامىتىدۇر. جۇڭگو خەلق پىدائى قىسىملىرى، چاۋشەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى بىلەن كۈرەش فرونتلىرىدا يەلكىمۇ - يەلكىگە تىرەپ كۈرەش قىلماقتا. بۇ شېئىردا شۇ كۈرەشنىڭ كىچىككىنە ئېپىزوتى ناھايىتى چىرايلىق بېرىلگەن. بۇ كۈنى بىزنىڭ ئادەملەر تاغ باغرىدا ياتاتتى يەرنى بېغىرلاپ، بىر چاغ يېقىن يېزىدىن — ئوتلار ئىچىدىن پەريات ئۆردى گۆدەك چىقىراپ. گۆدەكنىڭ ئاھىنى پەلەككە كۆتەرگەن پاجىئەسىنى جۇڭگو خەلق پىدائى قىسىملىرى ئاڭلايدۇ. بۇنى ئاڭلىغان جەڭچى ۋىگىت، بۇ ئوت ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈپ گۆدەكنى ئۇ، ئۆلۈم تىرنىقىدىن تارتىپ ئالىدۇ. جۇڭگو خەلق پىدائى قىسىملىرى چاۋشەن خەلقىنىڭ بىر پەرزەندىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ چاۋشەن خەلقىغە تەقدىم قىلدى.

بۇ يەردە جۇڭگو خەلقىنىڭ گۇمانىستلىق، ئىنسانىيەتپەرۋەرلىك روھى ئەنە شۇ ۋىگىتنىڭ ئوتقا سەكرەپ چۈشۈپ، گۆدەكنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرۇپ ئېلىش ئېپىزوتىدا ئىنئىكاس ئېتەلگەن. شېئىرنىڭ قىممىتى ئەنە شۇ يەردە، بۇ ۋاقىئەنى كۆرگەن قېرى چاۋشەنلىك پۈتۈن چاۋشەن خەلقى نامىدىن جۇڭگو خەلقىغە ئۇلۇغ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ:

رەھمەت سىلەرگە، مىڭ قېتىم رەھمەت!
رەھمەت سىلەرگە، پۈتۈن چاۋشەنلىكتىن

بۇ رەھمەت — چاۋشەن خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىغە بولغان مىننەتدارلىقىنىڭ ئالامىتى. يولداش تېيىپجان ئېلىيوۋ كۈرەشچان چاۋشەن خەلقىنىڭ داھىسى كىم ئىر سېنگە ئاتاپ ئۆزىنىڭ «كىم ئىرسېنگە» دېگەن شېئىرىنى يازدى. بۇ شېئىردا تېيىپجان كىم ئىر سېننىڭ بۇ ئازاتلىق كۈرەشتە تۇتقان ئۇلۇق رولىنى كۈيلەيدۇ. شائىر «كىم ئىرسېن يەڭگۈچى ھەر كۈرەشتە سەن، مەھرىڭنى بەرگەندەك ئەلگە باشتا سەن» دەپ كىم ئىر سېننىڭ چاۋشەن خەلقىنىڭ سادىق پەرزەندى ۋە ئۇلۇغ غەمخورى ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. شائىر

www.azizisa.org

قەھرىمان چاۋشەن خەلقىنىڭ داھىسى كىم ئېرسىنگە بولغان پۈتۈن دۇنيا ئازادلىق سۆيەر ئەللىرىنىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ چەكسىز مۇھەببىتىنى كۆيلەيدۇ:

چاكىيىسەن قانچىلىك بولسىمۇ ئەگىز،
تۈگىمەس ئەگىز ساڭا مۇھەببىتىمىز.

شائىر كۆيلىگەن بۇ مۇھەببەت - دۇنيا خەلقلىرىنىڭ چاۋشەن خەلقىگە بولغان ئۇلۇغ غەمخورلىقى چەكسىز سادىقلىقىنىڭ ئالامىتى. شەئىر چاۋشەن خەلقىنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن ۋە:

ساڭا ئىنسانلار نىڭ مۇھەببىتى چىن،
ياشا داھىمىزنىڭ دوستى كىم ئېرسىن.

دېگەن ژۇقىرى روھ بىلەن ئېيتىلغان، داھىي كىم ئېرسىنگە قارىتىلغان مەدھىيە بىلەن تاماملىنىدۇ.

يەنە بۇ مۇھىم تېمىغا تۇرسۇن قاھارى ئۆزىنىڭ «چاۋشەن ۋە تىنچلىق» دېگەن شەئىرىنى بېغىشلايدۇ ۋە ئافتور شەئىرىنى «كەڭ شەرق تىلەيدۇ تىنچلىق، چاۋشەن دېلەيدۇ تىنچلىق» دەپ تىنچلىقنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچى بىلەن تاماملايدۇ. لېكىن بۇ شەئىردا خېلى گەۋدىلىك خاتالارمۇ بار:

شەئىرنىڭ بىرىنچى كامچىلىقى سەنئەتتە، مەزمۇنى ياخشى بۇ شەئىر سەنئەت تەرىپىدىن ئاجىز يېزىلغان. شەئىردا سۆزلەر ئۆز جايلىرىغا قويۇلمىغان. ئاساسى كامچىلىق — شەكىلپەرەستلىك، قاپىيەۋازلىقتا.

مەسىلەن: تۇرسۇن قاھارى قاپىيەنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۇنىڭغا ياندىش سۆزلەرنى ئىزدەپ ھەتتا سىياسى خاتالىقلارنىمۇ قىلىپ قويۇشتىن خالى بولمايدۇ. ئۇ قاپىيەنىڭ شەئىرنىڭ گۈزەللىكىدە تۇتقان ئورنىغا روھلىنىپ، بۇ قاپىيەنىڭ خاتالىقىنى سەزمەي قالىدۇ.

مەسىلەن: چاۋشەن تۆپرىقى جانىجان پېچىنيان، دېگەن مىسراغا قاپىيەلەشتۈرۈپ — نەمىشكە كەلدىڭ ئاچكۆز ئارسلان، دەيدۇ، بۇ يەردە ئارسلان — ئامېرىكا جاھانگىرلىكى مەنىسىدا ئىلىنىدۇ. بىز بىلىمىز ئامېرىكا ئارسلان، — لېكىن ئۇ «جاڭگاللار، ھايۋانلار پادىشاسى» كۈچلۈك ئارسلان ئەمەس. ئۇ پەقەت «قەغەز ئارسلان» ئۇنىڭغا كۈچلۈك قول تەگىپ كەتسىلا ئۇ يىرتىلىپ، مىجىلىپ كېتىدۇ. ئافتور بۇ ئورۇندا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تەتۈر ئوبرازىنى بېرىپ قويۇدۇ.

يەنە بىر مىسال: ئافتور قاپىيە سۆزلەرنى - جاھان

تاپان دېگەن سۆزلەر ئارقىسىدىن، بىز ۋەتەن بىزنىڭ ئەسلى ماكان، دەيدۇ. ئافتور بۇ يەردە ھەم ئەدەبىي - سەنئەت ياقتىن خاتالىق قىلىپ قويىدى. ئافتور، چاۋشەنلىكلەر تىلىدىن سۆزلىمەك بولسىمۇ، شەئىرنىڭ سەنئىتىنىڭ ناچارلىقى ۋە قاپىيەۋازلىق ئارقىسىدا بۇ سۆز ئاپتور تىلى بىلەن قالغان. بۇ ئەلۋەتتە كامچىلىق ۋە خاتالىق.

چاۋشەن بىزنىڭ دوستىمىز، قېرىندىشىمىز، خوشنىمىز. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىر تىلەك ۋە بىر ئۈمىت بىلەن ياشايمىز. لېكىن چاۋشەن بىزنىڭ ماكانىمىز ئەمەس. بىزنىڭ ماكانىمىز — جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى. شەئىر قايتىدىن ئىشلىنىشكە مۇھتاج ۋە پەقەت شۇ ۋاقىتتا ئۆز قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

شىنجاڭ پوئېزىيەسىدە ئەڭ مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرسى — سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، موسكۋا ۋە پۈتۈن مېھنەتكەشلەرنىڭ داھىسى ستالىن تېمىسى. شىنجاڭ قەلەم ئەگىلىرى بۇ تېمىلارنى شەئىرلىرىدا قەسىدە ۋە مەدھىيە ئوقۇش بىلەن يەشمەكتە. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا مېھنەتكەشلىرىنىڭ ئازاتلىق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرىدە تۇتقان ئورنىنى ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا دۇنيادا تىنچلىق يەڭگىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سىزغان يولى بىلەن پۈتۈن ئىلغار ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئارزۇ - تىلىگى بولغان كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە چوقۇم يېتىدىغانلىقىنى كۆيلەيدۇ. شىنجاڭ قەلەم ئەگىلىرى ئۇلۇق موسكۋانىڭ بۇ كۈرەشتە تۇتقان ئورنىنى كۆيلىمەكتە.

194 - ژىلى 21- دېكابىر - ستالىننىڭ 71 ياشقا تولۇش تەنتەنىسىنى شىنجاڭ خەلقى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى بىلەن بىللە بايرام قىلدى. شىنجاڭ خەلقى ستالىن ۋە ئۇلۇق داھىمىز ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئۇزىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ مۇھىم تېمىغا نابىيز نازىرى ئۆزىنىڭ «ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭ»، باتۇر راشىدىن «موسكۋا جاھان تۈۋرىكى» ۋە تۇرغۇن ئالماس «ستالىنغا بېغىشلاپ» دېگەن شەئىرلىرىنى بېغىشلايدۇ.

شىنجاڭ قەلەم ئەگىلىرى موسكۋا ھەققىدە سۆزلىگەندە ئۇلۇق پايتەختىمىز بېيجىن شەھىرى ھەققىدە سۆزلىمەي تۇرالمايدۇ. تېيىپجان ئەلىيېۋ 1950- ژىلى دېكابىرنىڭ 20سىدە «بېيجىننى كۆردۈم» دېگەن شەئىرى-

www.azizisa.org

نى يازدى. شائىر بۇ شېئىردا «شېرىيېنى پەلەككە تۇتاشقان» شانلىق پايتەختىمىزنى كۈيلەيدۇ.

جاڭگىۋار جۇڭگو ئەلىنىڭ
دىلىنى يورۇتقۇچى مۇقەددەس قۇياش

دەپ ئۇنىڭ قۇياشتەك پەلەككە كۆتۈرۈلگەن شېرىيېنى كۈيلەيدۇ.

شائىر ئۇلۇق پايتەختنىڭ شەرق ئەللىرى ئۈچۈن تۇتقان ئورنىنى كۈيلەپ ئۇنى «شەرقنىڭ ژۈرىكى، ئەقلىمىزنىڭ قاينام بۇلىقى» دەپ ئۇلۇق شەھەرنىڭ دۇنيا مىھنەتكەشلىرى ئالدىدا تۇتقان رولىنى كۆرسىتىدۇ.

بۈگۈن تىنچلىق تەرەپدارلىرىنىڭ ھەرىكىتى دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ماسشتابقا ئىگە بولدى. بۇ ھەرىكەت كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ، چېنىقىپ كېڭىيىۋاتىدۇ. بۇ ئۇلۇق ھەرىكەتكە مىللىيونلىغان ئازادلىق پەرۋەر كىشىلەر قاتناشماقتا. بولۇپمۇ بۇ ھەرىكەتتە سەنئەت ۋە ئەدەبىيات خادىملىرى يۇقۇرى رولغا ئىگە. بۇ ئۇلۇق ھەرىكەت جۇڭگو خەلقىنىڭ تىنچلىق ئۈچۈن بولغان كۈرىشىدە ئىپادىلەنمەكتە. جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن ئىچكى دۈشمەنلىرىمىز بولغان مىلىتارىستلار، باندىتلار، شپىئونلار، جاسۇسلار، زومىگەر، مۇشتۇمزورلار ۋە پانتۈركىستلارغا قارشى كۈرىشى ۋە ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش ۋە ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە مەدەنىي - مۇئارىپ قۇرۇلۇشلىرى بىلەن پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىلەن بىللە تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. بۇ ئۇلۇق ھەرىكەت ئۈچۈن شىنجاڭ پوئېزىيەسىمۇ خىزمەت قىلماقتا. ياش قەلەم ئەگىلىرىمىز بۇ تېمىنى ھەل قىلىشتا خېلى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. مىسال ئۈچۈن تېيىپ جان ئېلىيوۋنىڭ «تىنچلىق يەڭگىدۇ»، ئابلىز نازىرىنىڭ «بىرىنچى مايدا» دېگەن شېئىرلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. تېيىپ جان تارىخ چاقىنى كەينىگە بۇرىماق بولغان ۋە مىللىيونلىغان بىگۇناھ جانلارنى ئۆلۈم قۇدۇقلىرىغا تاشلىماق بولغانلار تىنچلىق ئۈچۈن بولغان ئۇلۇق ھەرىكەتنىڭ ئاياق - ئاستىدا چەيلىنىپ گۇمران بولىدىغانلىقىنى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنىڭ چوقۇم غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ: «تىنچلىق يەڭگىدۇ، چوقۇم يەڭگىدۇ» دەپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ تىنچلىق ئۈچۈن بولغان ھەرىكەتتە كۈرۈشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئابلىز نازىرى ئۆزىنىڭ «بىرىنچى مايدا» دېگەن شېئىرىدا دۇنيا خەلقلىرىنىڭ تىنچلىق ئۈچۈن بولغان ھەرىكىتى - بۇ

ئاتومدىن، قۇرالدىن كۈچلۈك؛ ئۇ، زىچ، مەھكەم ۋە يەڭگىلمەيدىغان كۈچ، ئافتۇر شىنجاڭ خەلقىنىڭ غەزىۋىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ تىلىگى تىنچلىق ئىكەنلىگىنى ۋە ئۇنى كەسكىن تەلەپ قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ:

يوقالسۇن ئۇرۇش!
يوقالسۇن ئۇرۇش!

دەپ شېئىرىنى تامالايدۇ. شېئىر يۇقۇرى ھەسسىيات ئاستىدا تاماملىنىدۇ. لېكىن بۇ شېئىرمۇ كامچىلىقتىن خالى ئەمەس، جۇڭگو ھازىر تىنچلىق ئۈچۈن بولۇۋاتقان كۈرەشتە ئاساسلىق كۈچلەردىن بىرى ساناماقتا. بۇ كۈرەشتە ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ رولى چەكسىز زور. لېكىن شائىرلىرىمىز بۇنى نەمىگىدۇر كۆرەلمەي قالغان ۋە شېئىردا بۇ [illegible]

ئۇلۇق داھىيمىز ماۋزېدۇڭ ئەدەبىياتنى ئامىۋىلاشتۇرۇش ھەققىدە سۆزلەپ: «بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئاساسەن ئىشچى - دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشتىمۇ شۇ ئىشچى - دېھقان، ئەسكەرلەر ئىچىگە ئومۇملاشتۇرۇش لازىم» دېگەن ئىدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ پوئېزىيەمىزنى داھىيمىزنىڭ شۇ نەزەرىيەسىنىڭ كۆز قارىشىدىن قارايدىغان بولساق، ئەلۋەتتە بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتۇق دەپ ئېيتالمايمىز. بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە پەقەت قىسمەن ئۇتۇقلارنى قازاندۇق. بىز پوئېزىيەمىزدە ئومۇملاشتۇرۇش، ئامىۋىلاشتۇرۇش ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە يولداش داۋۇت ئورەخمەتوۋ ئۈستىدە توختىلىشىمىز لازىم.

ئورەخمەتوۋ مۇھىم تېمىلارنى خەلىق قوشاقلىرى تۈرىدە يازىدۇ ۋە خېلى ئۇتۇقلارنىمۇ قازاندى. مەسىلەن: ئۇنىڭ: «سالام دەگلەر» دېگەن شېئىرى ئېتىبارغا لايىق. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا يولداش ئەلقەم ئەختەم، تېيىپ جان ئېلىيوۋلار مۇتىرىشىپ ئىشلىمەكتە. خەلقىمىزنىڭ شىنجاڭ خەلقىدىن كۈتكەن ئەڭ زور ئۈمىتلىرىنىڭ بىرسى - خەلىق ماسسىسى چۈشۈنەلەيدىغان، ماسسىنىڭ بىلىم سەۋىيەسى ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان ئەسەرلەرنىڭ تۇغۇلىشىدۇر. خەلىق پەقەت ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشەنگەندىلا ئۇنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر تىلى ئېغىر ئەسەرلەر بولسا، ئۇنى ئەلۋەتتە ئوقۇمايدۇ.

3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابى رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرىدىن»

www.azizisa.org



«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى 1951 - يىلى 4 ـ 5 ـ سان. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورى www.azizisa.org

دانشى قوشاق بولماسمۇ - تۈنى شوتۇلۇك ئۈچۈن ياخشى دېيىشكە بولۇدىكى ، تۈ ، خەلقىنىڭ ژۈرىكىدە ياشاۋاتىدۇ ۋە مەڭگۈ تولمەيدۇ » دەگەن ئەمەس .

بۇ ئەلۋەتتە ساددىر پالۋاتىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ پەقەت خەلىق جۈشۈنەلەيدىغان تىل بىلەن يېزىلغانلىغىدىندۇر .

بىز پوئېزىيەمىزنىڭ ئامموۋىلاشتۇرۇلۇشىدا ئەگەر ئۆتۈغىمىز دەپ تاختىيچى - شائىرلىرىمىزنىڭ ئۈتۈغلۇق مېھنىتىنى كورسۇتەلەيمىز .

كانسېرت نومېرلىرى ئۈچۈن يېزىلىپ ، ئاھاڭلارغا ئەلىنغان ۋە خەلىق ئالدىدا زور ئۇتۇق بىلەن ئەيتىلىۋاتقان شېئىرلار خەلىق ئارىسىغا تارقالماقتا . ئۇلارنى خەلىق سۆيۈپ ئوقۇماقتا ۋە تىللىرىدە كۈيلىمەكتە .

ياش قوشاقچى شائىرلىرىمىزنىڭ بۇ مۇھىم خىزمىتى ئاھاڭ تارتقۇچى سازەندىلىرىمىزنىڭ مېھنىتىگە مۇتۇلۇش توشماقتا . مەسىلەن : كەۋسەر نىيازنىڭ « گۈلباغ » ، تىيىپ جاننىڭ « ماۋزەيدۇڭ ھەققىدە قوشاق » ، « بىلەت » ، « بەختىمىز » ، « توختۇچىللىدى » ، « زامانىنىڭ كەلدى يولداشلار » ۋە تۇرسۇن ۋاھىدىنىڭ « داھى ماۋزەدۇڭ » دەگەن شېئىرلىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولدى .

پوئېزىيەمىزنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش - شىنجاڭ قەلەم ئەھلىلىرىنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىنىڭ بىرسىدۇر ، ئولكىمىز ئازات بولغاندىن كېيىنكى 2 ژىل جەريانىدا ياش شىنجاڭ ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ قىسمەن ئۇتۇقلىرى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت . بىزنىڭ بۇ كىچىك ماقالىمىزدا ئەلۋەتتە بۇ زور مەسىلە ئۈستىدىن تەپسىلى بىر نەرسە بېرەلمەيدۇق . بىز ماقالىمىز قىسمەن نەرسە ئۈستىدىن سوزلەيەلىدى . ئۇزىمىزنىڭ پوئېزىيەمىزنىڭ ئىستىقبالىنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇلۇق داھىمىز ماۋزەدۇڭ ھەم كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ ئۇلۇق رەھبەرلىكى ئاستىدا ئەدەبىياتىمىزدىن داغلىق ، شەكىللەنگەن شائىرلىرىمىزنىڭ چىقىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل .

ياش شىنجاڭ ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن سوز بېشى قىلىپ داڭلىق تەنقىتچى ۋە شائىرىمىز لى ياڭنىڭ توۋەندىكى سوزىنى ئالساق بىز مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز . « ئىشچى - دېخان ۋە جەڭچىلەر پوئېزىيەسى - بۇ [illegible] ئارمىيە دولىتىمىزدە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنى ھاياتى ژۇقىرى كوتۇرۇلۇپ ، ئۇلارنىڭ روھى ئوسۈشى بىلەن ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن شەكىللەنگەن ۋە پىشقان شائىرلارنىڭ چىقىشى ۋە ھەقىقى ئۇلۇق خەلىق شائىرلىرىنىڭ ئوسۈپ يېتىشىشى مۇمكۈن » .

ياش شىنجاڭ ئۇيغۇر پوئېزىيەسى ھازىر ئوز ھاياتىدا يېڭى يوسۇنغا - ئەدەبى ئەقىم ئالدىدا تۇرۇدۇ . كەلگۈسىدە ياش شائىرلىرىمىزنىڭ ۋە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادى پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە ئىنقىلابى رومانتىزمنىڭ رېئالىزم بىلەن باغلىنىشى - يېڭى دېموكراتىزملىق رېئالىزمنىڭ تۇغۇلىشىنى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈدۇ .

يېڭى ھاياتنىڭ ئىنىسكاسىنى توغرى ئىپادىلەش « ھايات قاينىمىغا چۈشۈپ ئۇنى چوڭقۇر ئوگۇنۇش ، ئەدەبى تىل ئۈستىدە چوڭقۇر ئىشلەش ، يېڭى ئادەملەرنىڭ يېڭى خاراكتېرىنى پسىخولوگىك ياقتىن چوڭقۇر تەكشۇرۇپ ، ئۇنى توغرى بېرىشكە ئوگۇنۇش » - مانا ياش پوئېزىيەمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالىنىڭ ئاساسى .

www.azizisa.org

زىيا سەمەدى

# غەربى - شىمال مەدەنىيەت مەمۇرىيىتى كونفېرېنسىيەسىنىڭ روھىنى ئۆلكە بويىچە قانات يايدۇرايلى!

بۇ نۆۋەت غەربى - شىمال 5 ئۆلكە مەركىزى شىئەندە بىرىنچى نۆۋەتلىك مەدەنىي ئىشلار ۋە كادىرلار كونفېرېنسىيەسى 9 - ئاينىڭ 22 كۈنى رەسمىي ئېچىلىپ، 7 - ئۆكتەبىردە زور غەلىبىلەر بىلەن تاماملاندى.

مەجلىسكە 5 ئۆلكە، چوڭ مەمۇرىي رايون، ھەربى رايون ۋە شىئەندىن شەھەرلىرىدىن بولۇپ 200 چە ۋەكىل قاتناشتى. مەجلىسنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا غەربى - شىمال مەمۇرىي ھەيئەت مۇئاۋىن رەئىسى شى جوڭشۈن يولداش ۋە جاڭ جى جوڭ يولداش ھەمدە باشقا رەھبەرى ئورگانلار باشلىقلىرى ئىشتىراك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك مەئرۇزەلىرى بىلەن مەدەنىيەت خىزمەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يوليورۇقلارنى كونكرېت ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتتى.

مەجلىس ئېچىلىش مۇراسىمىدا يولداش شى جوڭشۈن «ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئۆز ئىجادىيىتىدە ۋە خىزمەتلىرىدە خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئىشلەشنى نىشان قىلمىسا، ئۇنداق ئىجادىيەت ۋە ئويغۇنلاپ قويغان ئويۇنلارنىڭ بىزگە كېرەكى يوق» دېدى. بۇ كۆرسەتمە مەجلىس كەلەچەك ئىشلارنىڭ نىشانىنى ۋە مەركىزى نۇقتىلىرىنى بەلگۈلەشتە ئاساسىي رول ئويناش بىلەن ۋەكىللەرنى ئىلھاملاندۇردى. بۇ قېتىمقى كونفېرېنسىيەدە غەربى - شىمال مەدەنىيەت مىنىستىرى چاڭ بەي رىن «ئىنقىلابى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يەنە بىر قەدەم ئالغا بېسىپ غەربى - شىمالنىڭ مەدەنىي خىزمەتلىرىنى زوقۇرى كۆتۈرەيلى» دېگەن ماۋزۇدا ئاساسىي دوكلاد بەردى. دوكلاددا: «غەربى - شىمال دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمقى تارىخى مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى بولۇش بىلەن ياۋرۇپا، ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشتىكى مۇھىم كۆۋرۈكى، خۇسۇ-

سەن (گۇەن جۇڭ) شىئەن ئەتراپىدىكى رايونلار، جۇ، جىك، خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىكى (دەۋرلىرىدىكى) مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى ئورۇنلىرى بولدى. ھەربىر ئاغا - ئۇكا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ھەمكارلىق شۇنىڭدەك مىللىي مەدەنىي سەنئەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتتى.

شەنشى، نىڭشا، گانسۇ، چىڭخەي رايونلىرى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئاساسى ئورنى ۋە كېلىپ چىقىش نۇقتىسى شۇنىڭدەك ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ قوماندانلىق سەھنىسى ئەكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن غەربى - شىمال يالغۇزلا تارىخى مەدەنىيەت بايلىقلىرىغا باي بولۇپ قالماستىن، ئىنقىلابى مەدەنىيەتنىڭ مەنبەئى ئەكەنلىكى خۇسۇسەن 10 نەچچە يىللاردىن بۇيان داھىيمىز ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆز قولى بىلەن مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنى تەربىيەلەپ ئىشچى - دېخان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئىشلەيدىغان نىشانىنى بەلگۈلىدى. ھەم كۈچلۈك يېڭى مەدەنىي - سەنئەت خىزمەت كۈچىنى تىكلىدى ۋە ئۆستۈردى. بۇ ئازات بولغاندىن كېيىن مەدەنىي - سەنئەت خىزمىتى قۇلايلىق شەرت - شارائىتلار ئاستىدا تەرەققى قىلىش بىلەن مەدەنىيەت ئاساسىنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم شەرتلەردۇر.

بۇ شەرتلەر مەدەنىيەت ساھەسىدىكى خىزمەتچىلەرگە كۆرەش قىلىش قىزغىنلىقىنى ھەم غەلىبىلىك ئىشەنچىنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ «بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تېگىشلىك ۋەزىپىمىزنى تولۇق بەجىرىشكە زور ئىمكانىيەت بەردى» دەپ تەئكىتلەپ ئۆتتى. ھەقىقەتەن غەربى - شىمال پايانسىز كەلەچەك ئىستىقبالى پارلاق بولۇپ بۇ رايوننىڭ تارىخى ئىنقىلابى مەدەنىيىتى ۋە تەبىئى بايلىقى بىلەن ئىلھاملىنىشقا ئەرزىيدىغان ئەنئەنىلىرى باردۇر.

www.azizisa.org

www.azizisa.org

غەربى - شىمالدىكى 20 دىن ئوشۇق مىللەت ئۆزىنىڭ ئايرىم - ئايرىم مەدەنىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن دوستلۇق، ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى بىلەن بۇ كەڭ گۈزەل رايونغا ئايرىمچە مەنزىرە بېرىپ ھەر بىر مەدەنىيەتچىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ باي تەسىراتقا ئىگە قىلىپ، ئىروتىپ ئىشلەشكە چاقىرىدۇ.

يەنە مەجلىس جەريانىدا كە - جۇڭ - پىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدەنىيەت» مالىيە - ئىقتىسادى ھەيئەت مۇدىرى جاڭ نوۋ «مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد»، گۇڭ ئەن بولى - بو - جاڭ «تەنتۇر ئىنقىلابچىلارنى بەسىقتۇرۇش»، مىللى ئىشلار ھەيئەت مۇدىرى ۋاڭ فېڭ «بىرلىك سەپ»، غەربى - شىمال پارتىيە بيۇرو تەشۋىقات بۆلۈم كاتىۋى جىڭ چەن «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى» ھەققىدە دوكلاد قىلدى. بۇنىدىن باشقا سوۋى پىڭ «سەنئەت ئەمەلگەرىنىڭ خىزمىتى»، گاۋ كە «كىنو ئىشلار خىزمىتى»، خۇسەي «ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى»، جاڭجى جۇڭ «ئوشۇڭ جەن ھەققىدە تەنقىد»، ما جەنلىك «دراممىلارنى تەكشۈرۈش، تەدقىقلاش»، جاڭ جۇجاڭ «ئىجتىمائى مەدەنىيەت خىزمىتى»، ۋاڭ - يۇن - يەن «بەدەنتى تومۇم لاشتۇرۇش خىزمىتى» ھەققىدە مەخسۇس دوكلادلار قىلدى.

مەجلىسنىڭ كىچىك گۇرۇپپىلىرىدا زۇقۇرىدىكى جىڭ بەي رىن نىڭ ئاساسى دوكلادى ۋە باشقا مەخسۇس دوكلادلار قىزغىن مۇزاكىرە قىلىندى. بۇنىڭ سىرتىدا 5 ئۆلكە ۋە شىڭگەن شەھەرلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى مەدەنىيەت خىزمەتلىرى ئۈستىدە ئاچچوتنى دوكلادلارنى قىلدى. بۇ تەقىمقى مەدەنىيەت كونفېرېنسىيەسى ئۆتكەنكى مەدەنىيەت ئىشلىرىدا بولغان ئوتۇقلار، كەمچىلىكلەرنى ئاشكارا كۆرسىتىپ بېرىشنىڭ سىرتىدا كەلگۈسىدىكى خىزمىتىمىزنىڭ نىشانى ۋە مەركىزى خىزمەتلەرنى كونكرېت ھالدا بەلگىلەپ بەردى.

مەجلىس مۇزاكىرە جەريانى مەجلىسكە قاتناشقۇچىلارغا ئۆتكەن ئۆتۈنۈشلۈك كۈرەس قاتارىدا تەربىيەۋى خىزمەتنى ئۆتۈش، ئۆتۈشتە مەدەنىيەت خىزمىتىگە تولۇق بولمىغان چۈشەنچىلەرنى يەڭىدىن تولۇقلاش مەسىلىلەرنى ئايدىڭ كۆرسىتىپ ھەربىر كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيىسىنى كۆتەردى.

مەجلىس غەربى - شىمالدىكى مەدەنىيەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدا يېڭى ... بىرلىكى

ئىپادىلىنىشىنىڭ سىرتىدا مەدەنىيەت بىرلىك سەپى ۋە ئىتتىپاقى ھەر مىللەت مەدەنىيەتچىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان سەمىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملىكى كۆرۈلدى ۋە تەخمىنۇ چىڭىدى. بۇ، ئەلۋەتتە بۇ قېتىمقى مەدەنىيەت كونفېرېنسىيەسىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە تارىخى ئۇتۇغىدۇر. ھەر ئۆلكىدىن كەلگەن مەدەنى - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىنى بىر - بىرسىگە تەقدىم قىلىش بىلەن بۇنىدىن www.azizisa.org ئارتۇقلۇقلارنى، ياخشى تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش، بىر - بىرىگە ياردەملىشىش جەھەتتىن نۇرغۇن ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. يولداش جىڭ بەي رىن ۋە باشقا مەخسۇس دوكلاد قىلغۇچىلار نىڭ دوكلاد يەكۈنىدە 2 يىلدىن بۇيان غەربى - شىمال بويىچە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ رىۋاجلىنىشى، تەرەققى قىلىشى، ناھايىتى چوڭ قەدەملەرنى باستانلىقى ۋە ھازىرقى ئامېرىكىغا قارشى، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش، ئەكسىل ئىنقىلابچىلارنى بەسىقتۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ھەم يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىش ھەرىكەتلىرىدە ئۆزىنىڭ زور تۆھپىلىرىنى قوشقانلىقى ۋە خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ سىياسى سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشتا ئالغان ئۇتۇقلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

مەدەنىيەت مىنىستىرى جىڭ بەي رىن ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈستىدىكى ئاساسى دوكلادىدا، بۇندىن كېيىنكى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ نىشانىسى ۋە مەركىزى خىزمىتى قىلىپ، بىرىنچى ئورۇندا ئومۇملاشتۇرۇشنى قويۇپ، ئۆزىمىزنى پۈتۈن رايون، يېزا ۋە ئامىغا قارىتايلى دېدى. شۇنىڭ بىلەن داھىيمىز ماۋزېدۇڭنىڭ «بىزنىڭ مەسىلىمىز ئاساسەن ئاممە ئۈچۈن ۋە قانداق قىلغاندا، ئاممە ئۈچۈن بولىدۇ» دېگەن داھىيانە تەئلىماتىنى يانا بۇ يىل مەركىزى ئىشلار كېڭىشىنىڭ 81 - نۆۋەتلىك مەجلىسىدە مەركىزى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىنى يولداش جۇيا گىنىڭ «پۈتۈن دۆلەت مەدەنى - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمى يۆنىلىشى خەلقنىڭ يېڭى ۋەتەنپەرۋەرلىك يېڭى مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۈستۈرۈش شۇنىڭ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش» دېگەن كۆرسەتمىسىنى يانا بۇ يىل يېڭى يىل بايرىمىدا غەربى - شىمال ھەربى - مەمۇرى ھەيئەت مۇئاۋىن رەئىسى شى جۇڭ شۈننىڭ بىز 90% كۈچىمىز بىلەن ئاممە خىزمىـ

www.azizisa.org

تېنى ياخشى ئىشلىيەلمەيمىز كەرەك» دېگەن كورسەتمىسى-
نى تەكىتلەپ ئۆتتى. بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ مۇندىن
كېيىنكى مەدەنىيەت، سەنئەت ھەرىكىتىمىزنىڭ نىشانى
كونكرەت مەسىلىلىرىنىڭ ئاساسى ئۆتكۈنىدۇر. ئەگەر
بىز ئۆتمۈش خىزمىتىمىزگە نەزەر سالغاندا، بىزدە ئو-
مۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى دېگەندەك قانات يايمىدىلا ئە-
مەس، بەلكى بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەدەنىيەت-سەنئەت-
چىلىرىمىز تېخى ياخشى چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. بىز-
دىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ياكى شۇ دائىرىسىگە
رەھبەرلىك قىلغۇچى ھەر شەكىلدىكى ئورۇنلار ئومۇ-
لاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمىغاشقا مەدەنىيەت
ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممە تۈرلۈك ئەمەلى ئىشلىرىدا ئو-
مۇملاشتۇرۇشنى ھەقىقىي ھالدا ئەلىپ بارمىغاشقا، خۇ-
سۇسەن كېينو، تىياتىر ئىشلىرىمىز تاكى كېيىنكى كۈن-
لەرگىچە شەھەردىن سىرتقا چىقمىغاشقا، خەلقىمىزنىڭ
ئىچىگە چوڭقۇر كىرمىگەشكە بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە
تولۇق ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرەلمىدۇق. بۇ، ئەلۋەت-
تە بىزنىڭ مۇندىن كېيىن www.azizisa.org
ئاساسى مەسىلىمىزدۇر. پۈتۈن مەدەنىيەتتە، سەنئەتتە
دائىر ئورۇنلار مەزكۇر ئومۇملاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئو-
رۇنغا قويۇپ كەڭ خەلق ئىچىگە چوڭقۇر كىرىپ، مە-
دەنىيەتنى ئاممە ئۈچۈن ئىشلىتىشنى، ئاممىنىڭ تەلى-
ۋىنى قاندۇرۇشنى نىشان قىلىشلىرى لازىم. ئۆلكىمىز-
دە ۋە تەنبەرۋەرلىك ھەر كىتىنى خەلق ماسسىسى ئى-
چىدە ژورۇتۇشنى نىشان قىلىپ خەلققە كورسۈتىدىغان
نەرسىلىرىمىزنى خەلق تىلىدا ئاددىيلاشتۇرۇپ خەلق-
قە چۈشەنگىدەك قىلىپ بېرىشى لازىم.

2 - ئۈچ بۇيۇك ھەرىكەت ۋە ئىشلەپ چىقىرىش،
قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر رەۋىشتە
ئىنقىلابى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم-تەربىيەنى ئومۇ-
لاشتۇرۇشنىڭ لازىملىغىنى كورسۈتۈپ چېكبەرىن تو-
ۋەندىكى ئۇتۇقلارنى ۋە كورسەتمىلەرنى تەقدىم
قىلىپ ئۆتتى:

«بىر ژىلدىن بۇيان غەربى-شىمال بويىچە مە-
دەنىيەت، سەنئەت خىزمەتچىلىرى 3 چوڭ ھەرىكەت ۋە
ئىشلەپ چىقىرىش قۇرۇلۇشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوز
ساھەسىدە كەڭ كولەملىك ئاممىغا تەشۋىق-تەرغىب،
تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى. خەلق ئام-
مىسىنىڭ سىياسى ئېڭىنى كوتۈرۈشكە ياردەم قىلدى.
خۇسۇسەن ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە يار-
دەم قىلىش ھەرىكىتى جەريانىدا جاھانگىرلارنىڭ يۈز
ژىلدىن بېرى خەلقىمىزگە تاراتقان مەيكۇرە زەھەرلى-
گىنى تازىلاپ، بولۇپمۇ ئامېرىكىنى سۆيۈدىغان، قور-
قىدىغان زەھەرلىك خاھىشلارنى تازىلىدى. مىللەتلەر-
نىڭ ئوز-ئارا ھورمەت قىلىش، بىر-بىرىگە ئىشەن-
چە قىلىش ئىشلىرىنى رىۋاجلاندۇرۇپ، غەربى-شى-
مال بويىچە كېينو ئىشلىرى ئارقىلىق، مەدەنىيەت ئورۇنلىرى
ئارقىلىق ۋە 35 تىياتىر ئارقىلىق، ئەمەلى ئەھۋال-
غا تەدبىقلاپ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە
ياردەم بېرىش، تەتۈر ئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش،
يەر ئىسلاھاتى، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، ئىشلەپ
چىقىرىشنى كۈچەيتىش بۇيۇك ھەركەتلىرىدە جانلىق
تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينىدى. مىسالغا ئەلىپ ئېيت-
قاندا: نىڭشا ئولكىسىدە «شەھەر، يېزىلارنى تەئ-
مىنلەش» ئوسۇلى بىلەن ئورتا، كىچىك شەھەرلەردە
ئەرزەن باھادا بىلەت سېتىپ، يېزا ۋە مەيدە مىللەت-
لەر رايونلىرىدا بەلەتسىز كېينو قويۇپ بەرگەن. يېت-
تىشمىگەن راسخوتلارنى مەدەنىي-مۇئارىپ نازارىتى-
دىن ياردەم ئالغان. مانا بۇ چارىلارنى ئوز رايونلى-
رىمىزغا تولۇق ئوزلەشتۈرۈشىمىز كەرەك.

غەربى-شىمالدىكى ۋىلايەتتىن ژۇقۇرى دەرى-
جىلىك سەنئەت ئومىگى ۋە دراما تىياتىرلار ئومۇمى
35 بولۇپ، 3 چوڭ ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چوڭ رول-
نى ئوينىاش بىلەن ھەر جايلاردىكى ئاممىۋى سەنئەت
ھەرىكىتىگە كۆپلەپ ياردەم قىلدى. شىنجاڭ سەنئەت ئو-
مىگى يەنگى ژىل بايرىمىدا 2 خىزمەت ئوترىدىنى چى-
قىرىپ، بىرىنى چىڭخەيگە، يانا بىرىنى شەنشى ۋىنەن
رايونلىرىغا ئەۋەتتى. بۇلار ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ
چاۋشەنگە ياردەم قىلىش، تەتۈر ئىنقىلابچىلارنى بې-
سىقتۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە كۈچلۈك تەشۋىق ئىشلىرى-
نى ئەلىپ باردى. بۇ ئىككى ئوترەد شەنشى، گانسۇ،
چىڭخەيدىن ئىبارەت 3 ئولكىدە 108 قېتىم ئوينۇن قو-
يۇپ، 332،000 كىشىگە كورسەتكەن. غەربى-شى-
مال ئاممە دراما تىياتىرى ئىشچىلار كان رايونلىرىدا
ئىشچى، دېخانلار ئۈچۈن 18 قېتىم ئوينۇن قويۇپ
31،000 كىشىگە كورسەتكەن. شەنشى ئولكىسىنىڭ
10 سەنئەت ئومىگى ئوتكەن ژىل ئوكتيابىر ئېيىدىن
ئارتىپ، بۇ ژىل ماي ئېيىغىچە 860 قېتىمدىن ئوشۇق
ئوينۇن قويۇپ، 3،250،000 كىشىگە كورسەتكەن. گان-
سۇ ئوۋى رايونلۇق سەنئەت ئومىگى ناھايىتى قېيىن-
چىلىق شەرتلەر ئاستىدا 5 يېرىم ئاي ئىچىدە 4 ناھىي-

www.azizisa.org

بىلەن، 22 رايوندا 209 قەتىم ئويۇن قويۇپ 1,253,000 كىشىگە كۆرسەتكەن. نەگىشا سەنئەت ئۆمىكى 4 ئاي ئىچىدە 4 ناھىيەنىڭ 9 جايىدا 49 قەتىم ئويۇن قويۇپ 119,700 كىشىگە كۆرسەتكەن. ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشەنگە ياردەم قىلىش باش ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ 3 بۈيۈك چاقىرىقىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن دراممىا تىياتىرچىلارمۇ، كۆپىنچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر ئايدا پەيدائى قىسىم يارىدار يولداشلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىش، ئايروپىلان، توپ، زەمبىرەككە ياردەم قىلىشىمىز، ياردەم قىلىش، پىلانىرىنى تۈزۈپ چىققان ......... »

مەن يۇقارقى سانلارنى ئۆلگە بولۇش ئۈچۈن كۆرسەتتىم. ئۇ يانا نەمۇنىلىك ھەرىكەتلەردۇر. ئالدىمىزدىكى 3 بۈيۈك ھەرىكەت ھەم ئىشلەپ چىقىرىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بۇ ھەقتە خەلقنىڭ سىياسى ئەڭگىنى كۆتۈرۈشتە بىزنىڭ ئۆلكىمىزدە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرمۇ خەلقى ئۇنۇملۇك ئىشلارنى قىلدى. ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكى دەسلەپتە ئۇرۇمچى شەھەر كەمبىنكى ۋاقىتلاردا [illegible] سىنى كەمەيتىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن چۈشۈپ زور تەشۋىقات - تەرغىباتچىلىق رولىنى ئويناپ خەلقى ئۇنۇملۇك ئوتتۇقلارغا ئەگە بولۇش بىلەن ئەمگەكچى دېخانلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈشكە يار - يولەك خىزمىتىنى ئۆتىدى. باش سەنئەت ئۆمەك خىزمەتچىلىرىنىڭ سىياسى، سىياسىي ئەڭگىنى كۆتەردى. يانا بىر بۆلۈم سەنئەتكارلار يەڭگى ئىجادى ھەرىكەتلىرى بىلەن مەزمۇن ۋە سەنئەت ماھىرلىق جەھەتتىن ئوبدانغىنا ھەسسىياتقا ئەگە بولدى. بۇندىن باشقا ئىلى ئىتتىپاق تىياتىرى ۋە جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيەت قارمىغىدىكى كەسپى تىياتىر ئۆمەكلىرى ئەقىمدىكى تەشۋىقى ئىشلارغا قىزغىن قاتنىشىپ، تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ياخشى ئوينىدى. مەدەنىيەت باشقارمىسى قارمىغىدىكى [illegible] بەرگەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىگە ئەۋەتىلگەن [illegible] يېزا - سەھرالاردا ئەسكەرلەر، خەلقتە [illegible] قويۇپ بېرىش يولى بىلەن تەشۋىقى [illegible]. نەتىجىدە 6 - ئايدىن 9 - ئايغا قەدەر [illegible] چە كىشىگە كۆرسەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە [illegible] ياخشى خىزمەت كۆرسەتكەن.

ئۆلكىلىك [illegible] ئۆمەك خىزمەتچىلىرى، كىنو خىزمەتچىلىرى [illegible] ئەھدىنامە تۈزۈش

بىلەن باش ھەيئەتنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن توپ، زەمبىرەك، ئايروپىلان ئەلىشقا ئوزلىرى تەرەپتىن ئىئانە قىلىشنىڭ سىرتىدا پىلانلىق رەۋىشتە ئويۇن قويۇپ چۈشكەن پۇلنى تەقدىم قىلدى. سەنئەتچىلەر ئىچىدە پەيدا ئىلىقتا يەزىياغانلىرىمۇ بار.

بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئۇتۇغىمىز بولسىمۇ، لېكىن بىز تەخى تولۇق ھالدا ئوزىمىزگە تېگىشلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىدۇق. بىز ئوۋى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىدىن ئوگۇنۇپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ، كەلەچەك ئىشلىرىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم.

3 - مەدەنى - سەنئەت خىزمىتىدە مەپكۇرە رەھبەرلىك مەسىلىسى توغىسىدا توختۇلۇپ شۇنداق دەيدى:

«مەدەنى - سەنئەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مەپكۇرە رەھبەرلىك خىزمىتىدۇر. بۇ بولسا، كىنو، تىياتىر سەنئەت ئۆمىكى، مۇزىكا، رەسسام ۋە باشقا سەنئەت ساھەسىدىكى نەرسىلەر مەيلى يەڭگى تەرەققى قىلىش بولمىسۇن، مەيلى كونىنى ئىسلاھ قىلىش بولمىسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ مەپكۇرىسىنى تەربىيەلەيدىغان خىزمەتتۇر. مەدەنى - سەنئەت خىزمىتىنىڭ مەپكۇرە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئىچىدە زور ئۆزۈدىغان مەپكۇرە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەتتۇر. مەپكۇرە رەھبەرلىك خىزمىتىدە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە مەدەنىيەت سىياسىتىنى تولۇق ۋە ھەقىقى رەۋىشتە ئىجرا قىلىش بىلەن بىللە ئەدەبىيات - سەنئەتنى مەپكۇرە تولۇقلاشتىكى ئىجادى يەڭى مەپكۇرەۋى يولىيورۇق كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلدۇرۇشتۇر. بىر يىلدىن بۇيان بۇ خىزمەت توغرىسىدا تولۇق ئوتتۇقتا ئەگە بولالمىدۇق. چۈنكى بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىز ناھايىتى ئاز، سۈپەت جەھەتتىمۇ ئانچە يۇقۇرى ئەمەس. بۇنداق ئەڭ ئاساسى كەمچىلىك مەپكۇرە خاراكتېرى بىلەن سىياسى خاراكتېرنىڭ كەمچىلىكىدىن ھەمدە ئەمىلى كۆرۈش بىلەن (ئەقىمدىكى كونكرېتنى كۆرۈشلەر) بىرلىشەلمىگەنلىكىدىن خەلقنىڭ يەڭى تۇرمۇش، يەڭى دەۋرىنى ئىپادىلىيەلمىگەنلىكىدىندۇر. يانا شۇ ۋەجىدىن ئاز سانلىق ياخشى ئەسەرلەرنى ۋاقتىدا باھالاپ تەقدىرلەپ ئۇستۈرەلمىدۇق. ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىمىز دېگەندەك تەرەققى قىلمىدى. يە

www.azizisa.org

قىلىندىن بەرى ئەنئەنىۋى تەرەققى ئەتىشكە باشلىيسىمۇ، لېكىن پىلانلىق ئەمەس. كونا سەنئەتچىلەرنى تەربىيەلەشتە بىر يىلدىن بۇيان زور ئۇتۇقتا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن غەربى - شىمالدىكى 20٠000 دىن ئوشۇق سەنئەتچىلەرگە قارىتا مەپكۇرە تەربىيەلىگەنلىك ئەمەس. تارىخى مەدەنىيەتلىك (ئەسەرى - ئەتىقە) نەرسىلەرنى ياخشى ھىمايە قىلىشتا نەتىجە قازانغان بولساقمۇ، ئىنقىلابى مەدەنىيەتنىڭ ۋە يۈزىمىزنى ئاممىغا قارىتىشتىكى تەشۋىق خىزمەتلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قانات يايدۇرالمىدۇق. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىسادى قۇرۇلۇشتا ئەگىشىپ ئۈندۈك مۇھىملىكى كۈنسايىن ئۆسكەن بولسىمۇ، بۇ خىزمەتنى ئاكتىپلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشتا كۆز قاراش ئومۇمى يۈزلۈك بولمىدى. ...... بۇ كامچىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبىئى قۇرۇق ئىش پەرەسلىكتىن كېلىپ چىققان بولۇپ مەئلۇم ساندىكى كۈچىمىز بىلەن قۇرۇق ئىش پەرەسلىك پاتقىقىنىڭ ئورىسىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىزدىندۇر. يالغۇز مەئمۇرى ئىشلار رەھبەرلىكىگە ئالدىراپ مەپكۇرە رەھبەرلىكىگە ئەتىبار بەرمىگەنلىكتىن مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشىمىز تەرەققى قىلالمىدى ...

شۇڭلۇق ئۈچۈن بىزدىكى www.azizisa.orgنى يوقۇتۇپ مەدەنى - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ مەپكۇرە رەھبەرلىك ئىشىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. بۇندىن كېيىن كادىرلارغا بېرىلىدىغان تەئلىم - تەربىيەنى كۈچەيتىپ كادىرلارنى زورە كەلىك ئەركىن ئىشلىتىشىمىز لازىم» دەدى بىز بۇ ھەقتە ئۆلكىگە كۆز سالساق چىڭ - جاڭنىڭ مەپكۇرە رەھبەرلىك ئۈستىدە ئومۇمى يۈزلۈك قىلىپ كۆرسەتكەن كامچىلىقى بىزدە ھەم مەۋجۇتدۇر. بىزدىكى - مەدەنىيەت-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مەپكۇرەدىكى تۈرلۈك خاتا قاراش ۋە داۋام قىلىپ كەلىۋاتقان خاھىشلار بىر يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشىمىزنىڭ تەرەققى قىلىشىغا، ئۆسۈشىگە كۆپلىگەن تەسىرلەرنى بەردى. ئەدەبىياتچىلىرىمىز ئويدىن سىرتقا چىقماسلىق، قىيىنچىلىقتىن قورقۇش، تىرىشىپ كەلگەن خەلق ئاممىسىدىن ئۆگۈنۈش، ماسسا ئىشىغا ئارىلىشىش، ماسسىغا چوڭقۇر كىرىش، خەلقنىڭ كۈندىلىك ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش ئىشلىرىدا توغرى قاراش بولمىغىنى، خەلق ۋە ھازىرقى ئەمەلى ئەھۋال نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ ھازىر نېمە يېزىش، نېمە قويۇش مۇھىملىكىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن زامانغا ۋە ھازىرقى كەتىپ بارغان ۋە تەنبەرۋەرلىك ھەرىكەتكە، ئىجتىمائى ئىسلاھاتقا خىزمەت قىلىدىغان ياخشى ئىجادى نەرسىلەرنى يېزىپ چىقالمىدى ۋە قويالمىدى.

ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىز ئۆزىنى تەربىيەلەشتە كونا مەۋجۇت بولغان تۈرلۈك قالاق مەپكۇرىلەردىن ئۆزىنى تازىلاپ ماۋزەي دۇڭنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەن سەنئەت نىشانىنى ئۆزىگە تولۇغى بىلەن ئۆزلەشتۈرەلمىدى. بۇ جەھەتتە ئۆگۈنۈش ئىشلىرىنى تەشكىللىك، سىستېمىلىق ئېلىپ بارالمىدى. بۇ ئەلۋەتتە مۇندىن كېيىن بىزنىڭ ناھايىتى دىققەت قىلىدىغان نۇقتىمىزدۇر.

3 - بۈيۈك ھەرىكەت ئۆلكىگە قانات يايغاندىن كېيىن، خەلقىمىزنىڭ سىياسى سەزىمى ۋە سىنىپى كۆز قارىشى ناھايىتى ئۈستۈن كۆتۈرۈلدى. خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك سەۋىيەسى كۈن ساناپ ئۆسۈپ مەپكۇرە تەئلىم - تەربىيەسى زۇقۇرى كۆتۈرۈلمەكتە. لېكىن بىزنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتچىلىرىمىز مەپكۇرە تەئلىم-تەربىيەدە خەلقتىن قالىدىغان ئارقىدا تۇرماقتا. خەلقتە بولغان ئۇلۇق پەزىلەتلەرنى كۆرسۈتۈشتە ئۇنى ئىنئىكاس قىلىشتىمۇ كېيىن قالماقتا. بىزدە قۇرۇق شۇئارچىلىق بار. بىزدە قۇرۇق سەپسەتەلىكمۇ بار. لېكىن بىز ماۋزەي دۇڭ مەپكۇرىسى بىلەن قوراللىنىپ تۇرۇپ خەلقنى تەربىيەلەش، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ماۋزەي دۇڭ مەپكۇرىسىنى تارقىتىشتا ئۆزىمىزگە خاس بولغان تەربىيە ۋەزىپىنى تېخى ياخشى ئورۇندىيالمىدۇق. بۇ بىزنىڭ ئاساسى كامچىلىقىمىزدۇر. ئەلۋەتتە مۇندىن كېيىن بۇنى زۇيۇش كېرەك. بىز مەپكۇرەۋى رەھبەرلىكنى ئەڭ ئەۋۋەل ئۆز ئارا يولغا قويماي تۇرۇپ مەئمۇرى رەھبەرلىكنى يولغا سالالمايمىز. بۇنى خاتىردىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

4 - كادىرلار مەسىلىسى: بۇ ھەقتە چىڭ- بوجاڭ: «... ... مەدەنىيەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەش كۆز ئالدىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ يۇقۇرلۇقى، سىياسەتى، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز قانات يېيىشى كادىرلارنىڭ زورۇرلىكىنى بۇرۇنلا بەلگۈلەپ بەرگەن ئىدى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىنى جو ياڭ يولداشنىڭ بايانىدا» سەنئەت تەئلىم-تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مەركەز ھەم ھەر بىر مەئمۇرى رايونلاردىكى سەنئەت دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ پىداگوگ تۈزۈمى، دەرس پىرو-

www.azizisa.org

گرامىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ئولكە ۋە شەھەرلەردە ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ قىسقا مۇددەتلىك سەنئەت كۇرسلىرىنى تەشكىل قىلىش، سەنئەتدارىلە پۇنۇنلىرى ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ، مەخسۇس فاكولتېتلار قۇرۇش بىلەن مەيدە مىللەت سەنئەت كادرلىرىنى تەربىيەلەش لازىم» دېگەن ئىدى.

بۇ بولسا، مەركەز ۋە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ سەنئەت كادرلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىشتىكى ئىش تەخسىماتى.

ئولكە قارمىقىدىكى ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيەلەر مۇھىم شەھەرلەر ئاستىدا ئەدەبىي سەنئەت كادرلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش، مەپكۇرە، سىياسىي تەلىم-تەربىيە يۈرگۈزۈپ، مەدەنىيەتخانا، قىرائەتخانا، مۇزىكا كورژوكلىرى، غەزەل ئوقۇش كورژوكلىرىنى يولغا سېلىشتىن ئىبارەت» بۇ ھەقتە بىزنىڭ ئولكىنى ئالساق، مەدەنىيەتتە ئارقىدا بولغىنى ھەم يۇرۇنلىرىن مەخسۇس مەدەنىيەت، سەنئەت كادرلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىدىغان ئىلمى يۇرتلارنىڭ بولماسلىقى نەتىجىسىدە بىزدە مەدەنىيەت ۋە سەنئەت كادرلىرى باشقا ساھەگە قارىغاندا ناھايىتى قىس. ھازىرقى خەلقىمىزنىڭ مەدەنى سەۋىيەسىنى كۆتۈرۈشتە، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا بىز كادرلار مەسىلىسىدە كۆپ قىيىنچىلىقلارنى تارتماقتىمىز. شىنجاڭدا مەدەنىيەت كادرلار مەسىلىسى ئايرىم مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش يەنە ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىق ۋە ئاكتىپلىغىمىزغا باغلىق. ئەلۋەتتە بىز ھازىر ئەمەلى ئەھۋالغا ئېتىبار بەرگەندە، مەدەنىيەت، سەنئەت كادرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەر ئېچىش مۇمكۈنچىلىكى يوق. شۇنداق بولسىمۇ بىز:

1 - ھازىرقى بار بولغان مەدەنىيەت - سەنئەت كادرلىرىنى نەزەرىيە، مەپكۇرە ۋە مەشغۇلات ياقتىن ئىزچىللىق رەۋىشتە كۆتۈرۈش ۋە چېنىقتۇرۇش لازىم.

2 - ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار، مۇزاكىرە مەجلىسلىرى ئارقىلىق كادرلارنى يېتىشتۈرۈش لازىم.

3 - خەلق ئىچىدە قابىل ۋە مەخسۇس سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى سەنئەتكارلارغا ئايرىم ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى كادرلار بىلەن مۇناسىۋەتنى مەھكەملەپ، تەربىيەۋى تەئسىرىنى كۈچلەندۈرۈش، مەپكۇرىسىنى تۈزەش بىلەن سەنئەت ئوتردىمىزنى ۋە يېتىشىمىز لازىم.

4 - ھەر بىر سەنئەت ئۆمەكلىرى، تىياتىرلار، ئارتىست، ئارتىستكا، مۇزىكا، ئۇسۇل ۋە سەھنە تېخنىكا كادرلىرىنىڭ ئوقۇشىنى يولغا سېلىپ خىزمەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇش لازىم.

5 - ئۆزى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىكتىن بەدىئىي سەۋىيەلەر بىلەن باشقا ساھەگە چىقىپ ئالغان، ئەمەلىي مەدەنىيەت ساھەسىدە كەلمەپ ئىشلەشنى خالىغۇچىلارنى قارشى ئېلىشىمىز لازىم.

ئەلۋەتتە بۈيۈك خەنسۇ مىللىتى ئاكىلىق سۈپىتىدە بىزگە كادرلار ئېھتىياجى تەرەپتىن ياردەم قىلماقتا ۋە داۋاملىق قىلغۇسى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ بىر تۈر كۆزىم كادرلا ھەممە ئېھتىياجنى قامدامدۇ؟ ئولكىدىكى ھەر مىللەت، ئۆز مىللىتىنىڭ شەكلى مىللىي، مەزمۇنى يېڭى دېموكراتىزملىق مەدەنىيىتىنى تىكلەشتە اساسەن ئۆز مىللەت كادرلىرىغا تايىنىدۇ. بۇنى ئەستىن چىقىرىش يارىمايدۇ. تۈرلۈك مۇناسىپ ئۇسۇللار بىلەن بار كادرلارنى چېنىقتۇرۇش، يېتىشتۈرۈشكە ھەممىمىز بىردەك كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم.

بۇ قېتىمقى مەجلىستە چېڭ بۇجاڭ دوكلادىدا - ھەر بىر ئاكا - ئۇكا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي - سەنئەت خىزمەتلىرىگە ئېتىبار بېرىشنى ئايرىم مەسىلە قىلىپ شۇنداق دېيىلدى: ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگان، موڭغۇل ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ پۇتۇنلەي ياخشى غەزەل، ئۇسۇللىرى ۋە سەنئەتكە ماھىرلىغى بار بولۇپ ئازات بولغاندىن كېيىن ئىچكى ئولكىلەر بىلەن قاتناش ياساپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش بىلەن يەنىمۇ ئالغا بەسىشلار بولدى. بىز ئەلۋەتتە مەركىزى مەدەنىيەت ۋازارەتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويۇن سۇنۇپ شەكلى مىللىي، مەزمۇنى يېڭى دېموكراتىزملىق مەدەنىيەتنى يولغا سېلىش پرىنسىپىنى توغرا ئىگەللەپ ھەر بىر ئاكا - ئۇكا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەتلىرىنى ئۇستۇرۇشكە ياردەم قىلىشىمىز لازىم.

بىز ئەلۋەتتە چىداملىق بىلەن تەربىيە خىزمىتىنى تولۇق باشقۇرۇپ، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقنى چىڭىتىپ، ھەر بىر ئاكا - ئۇكا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەتلىرىگە ۋە خەلقىنىڭ ئۇنى سۆيۈشىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم. دېمەك بۇ بولسا،

www.azizisa.org

مىللى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم پرىنسىپىدۇر. شىنجاڭدىكى ئاكا - ئۇكا 13 مىللەت مەدەنىيەتچىلىرى مۇندىن كېيىن مەزكۇر پرىنسىپ ئاساسىدا ھەر مىللەتنىڭ مىللى مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە مىللى ئىتتىپاقلىقىنى، بىرلىكىنى تېخىمۇ مەھكەم قولغا كەلتۈرۈپ، بىر - بىرىگە ياردەملىشىش، بىر - بىرسىدىن ئۆگىنىش، بىر - بىرسىنىڭ مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئىشلىرىنى يولغا سېلىش لازىم. بۇ ھەقتە ھەر بىر مىللەتتىن تەركىپ تاپقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئايرىم ئۈلگۈلۈك كۈچ كۆرسىتىشى لازىم تېپىلىدۇ. ئەمەلىيلىك رولنى ئوينىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چىك بوجاڭ دوكلادىدا يەنە شۇ يىل 3 - ئايدا مەركىزى خەلق ھۆكۈمەت مەدەنىيەت ۋازارىتىنىڭ بىرىنچى ئەمەلىيلىق پۈتۈن دۆلەتلىك مەدەنىيەت مەئمۇرىيىتى كونفرەنسىيەسى «ئۆلكە خەلق ھۆكۈمەت، مەدەنىي مەئمۇرى ئورگانلىرىنى رەتلەش قارارى» نى مەئمۇرى، سىياسى ئىشلار پالاتاسىدا تەستىقلاپ بۇيرۇق ئارقىلىق ئېلان قىلدى. بۇ قارار ئەلۋەتتە مۇندىن كېيىن مەدەنىيەت ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىنى چىڭىتىش بىلەن خىزمەت ئۈستىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇش، مۇستەقىللىق ھالدا مەدەنىيەت ئىشلىرىنى رەتكە سېلىشنىڭ مۇھىملىكىنى تەئكىتلىدى. ئۆتمۈشتە شىنجاڭنى ئالساق، بىزدە مەدەنىيەت ئورگانلىرىنىڭ كونكرېت تەشكىلى ئورگان مۇناسىۋەتلىرى رەتكە سېلىنمىدى. خۇسۇسەن ۋىلايەت، ناھىيەلەردە مەدەنىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان مەخسۇس رەھبىرى ئورۇنلار ياكى مەخسۇس كادرلار بولمىدى. شۇڭلۇق ئۈچۈن مەدەنىيەت ئىشلىرى رەھبەرسىز، ئىگىسىز ھالدا قالدى ياكى بولمىسا رەھبىرى ئورۇنلار، كىشىلەر بۇ ئىشقا ئانچە ئېتىبار قىلمىدى. تېخى بەزى كىشىلەر مەدەنىيەت - سەنئەتنى ئويۇن، تىياتىرلاردا چۈشۈنۈپ، ئۇنىڭ باشقا يېقىغا قارىغىسى كەلمىدى. شۇڭلۇق نەتىجىسىدە مەدەنىيەت ئىشلىرى پىلانلىق، سىستېمىلىق رەۋىشتە ئالغا باسالمىدىلا ئەمەس، ئاساسى يولنى تېپىپ ئىشلىتىشىمۇ قىينالدى. بۇندىن كېيىن بۇنداق خاھىشنى ۋە كەمچىلىكلەرنى، بىپەرۋالىقلارنى تۈزىتىپ يوقىتىشىمىز لازىم. ۋىلايەت، ناھىيەلەردە، مەدەنىيەت رەھبىرى ئورۇن بولۇم - بۆلۈمچىلەر قۇرۇلغانغا قەدەر ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈمچىلىرى بۇ ئىشقا رەھبەرلىك كۆزىنى سېلىپ، رەھبەرلىك، جاۋابكارلىقىنى ئاشۇرۇشى لازىم.

يولداشلار! يۇقۇرىقى مەسىلىلەر كونفرەنسىيەدە مۇزاكىرە بولغان چېغى بوجاڭنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ نىشانىسىنى بەلگىلىگەن ئاساسى دوكلادى ھەم بەزى مەخسۇس دوكلادلارغا ئاساسەن قىسقىچە قىلىپ ئېلىنىدى. ئەمدى كونفرەنسىيەدە قارار قىلىنغان 5 تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپىنى تونۇشتۇرۇپ كېتىمەن:

1 - ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ۋە سەنئەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش ھەققىدە:

كونفرەنسىيە بۇندىن كېيىن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادى قابىلىيىتىنى كۆتۈرۈش، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇستۇرۇش مەقسىدىدە ھەمدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققى قىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ قارارنى چىقاردى. مۇكاپاتلاش ئىجادىيەت ھەر كىشىنىڭ يۈكسىلىشىنى www.azizisa.org شەكىلدىكى ئىجادىيەت بىلەن خەلقنى تەربىيەلەشنى ۋە خەلقتە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بېرىشنى نىشان قىلىدۇ. شۇڭلۇق ئۈچۈن ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادى پائالىيىتىگە قاراپ ھەر يىلى بىر نۆۋەت مۇكاپاتلاش خىزمىتى يۈرگۈزۈلىدۇ.

مۇكاپاتلاش تەرتىۋى:

ئا - ئەدەبى - سەنئەت ئەسەرلىرى:

1 - دراما تورگىيە

2 - پوئېزىيە، پروزا، تەرجىمە ئىشلىرى،

3 - مۇزىكا، ئاھاڭ ئىجادىيىتى.

4 - ئۇسۇل ئىجادىيىتى.

5 - رەسسام، نەققاشلىق.

ب - ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر:

1 - خەلق ئىچىدىكى سەنئەتچىلەر.

2 - رېجىسسورلار.

3 - ئارتىست - ئارتىستكالار

4 - دېكاراتورلار

5 - ناخشىچىلار

6 - مۇزىكانتلار

7 - ئۇسۇلچىلار

8 - كىنو ئىشلار خىزمەتچىلىرى

9 - ئەدەبى - سەنئەت تەشكىلاتچىلىرى

10- ئەدەبى - سەنئەت تەرجىمانلار

ۋ - ئومۇملىشىپ ئىجات قىلغۇچىلار:

www.azizisa.org



«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى 1951 - يىلى 4 -5 سان. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورى www.azizisa.org

1 - ئىجادىيەت گۇرۇپپىلىرى
2 - ئومۇمىي خىزمەت ئۆمىكى.
(بۇنىڭدىن باشقا مۇكاپاتلاش چارىسى ئايرىم خەۋەر قىلىنىدۇ).

بۇ ھەركەت بۇ يىل بىزدە بىر نۆۋەت پەقەت يازغۇچى، بىر قىسىم رەسساملاردىن تەركىب تېپىپ ئۆتۈلدى. قالغان ساھە قاتناشمىدى. مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار يالغۇز 6 مىللەت، قالغان مىللەتلەر قاتناشمىدى.

بۇنداق بولسا، بىزنىڭ كەمچىلىكىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىنى قاتناشتۇرۇش، ھەم ھەممە تىرىشىپ قاتنىشىشى لازىم. شۇنداقلا مەدەنىيەت - سەنئەتچىلەر ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىيونالىق روھىنى تېخىمۇ يۇقىرى

www.azizisa.org

ئىجتىمائىي ئىسلاھات، 3 بۈيۈك ھەركەت ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇشلارغا ماسلاشتۇرۇپ يېڭى ئىجادىي قابىلىيەتلىرىنى خەلق ئالدىدا نامايىش قىلىش بىلەن يېڭى - يېڭى ئىجادىيەتلەر بىلەن مەدەنىيەت - سەنئەت بايلىقىمىزغا ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشۇشى لازىم.

2 - كىنو خىزمىتى ھەققىدە:

«كىنو ئىشلىرىنى ھازىرقى سىياسىي ھەركەتلەرگە ماسلاشتۇرۇپ، پىلانلىق ۋە مۇستەقىللىق ھالدا شەھەر، دېھقانچىلىق يېزا، چارۋا رايونلىرىدا كىنو قويۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئاممىسىغا ئىزچىل رەۋىشتە كىنو كۆرسىتىش، ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم - تەربىيىگە ئىگە قىلىش ئىشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن غەربىي - شىمال مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ھەر بىر ئۆلكە، شەھەر مەدەنىي - مائارىپ ئورۇنلىرى، باشقارمىلىرى كىنو ئىشلىرىغا قارىتا رەھبەرلىك باشقۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىق بەلگىلەش لازىم.

كىنو ئىدارە قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى، قويغۇچى كىشىلەرنىڭ سىياسىي تەلىم - تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ جۈملىگە كىنونىڭ تەشۋىق قىلىشتا، تەلىم - تەربىيە بېرىشتە، ھەركەتلەندۈرۈشتە ئوينايدىغان رولىنىڭ چوڭلۇقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ بۈيۈك قورالنى ئىشلىتىدىغان جەڭچى ئىكەنلىكىنى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇقەددەسلىكىنى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى بەلگۈلەشنى يەنە بۇ تۈرلۈكتە ئەستايىدىللارنى تولۇق ئىجرا قىلىشتا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىرادىلىكىنى ۋە بارلىق كۈچىنى تەقدىم قىلىشنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. ھەر بىر

كىنو قويغۇچى ئورۇنلارنىڭ كىنو قويۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇنى تەشكىللەشتىن باشقىرى خەۋەر، رادىئو، كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، رەسىم، كۆرگەزمە قاتارلىق ۋاسىتىلاردىن پايدىلىنىپ ھازىرقى بۈيۈك سىياسىي ھەركەتلەرگە ماسلاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم - تەربىيەنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم».

(مۇندىن باشقا قارار يەنە ئايرىم مەمۇرىي تارماقلارغا بار. بىز بۇ يەردە قىسقارتىپ ئالدۇق). دېمەك بىز ئۆتمۈشتىكى كىنو ئىشلىرىدا يۈز بېرىپ كەلگەن پۇل تېپىشتىلا زوقۇر گۇچىلەرنىڭ (بەزى مۇئەسسەسەلەر) خاتالىقلىرىنى يوقۇتۇش، كىنو ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەشۋىق خىزمىتىنى خەلق ئىچىگە يېيىشتا كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك. كىنو ئىشلىرى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە سىياسىي تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئويناش بىلەن خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك سەۋىيەسىنى كۆتۈرۈشتە مۇھىم تەلىم - تەربىيەۋى رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق كىنو خىزمەتچىلىرى ئۆزىنىڭ يۈزىنى خەلققە تۇتۇپ، خەلق ماسسىسىنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇش لازىم. ئۆلكىمىز كەڭ دائىرىلىك بولغىنى ئۈچۈن ھازىر شەھەرلەردىلا كىنو كۆرگۈچىلەر بولۇپ، يېزا، ئاۋۇللاردا بىر يىلدا بىر نۆۋەت كىنو كۆرمەيدىغان كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. بىز ئاممىۋىلاشتۇرىمىز دېسەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ ئاۋۋال شۇلارنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم. يەنە كىنو ھەقىقىي رۇسچە، خەنسۇچە تىلدا بولغىنى ئۈچۈن خەلق چۈشەنمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق تەدبىرلەر قوللىنىش بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئىشلىرىنى ئىجرا قىلىپ خەۋەر، گېزىت، ژۇرنال، كۆرگەزمىلەر ئارقىلىق ھەم قوشۇمچە تەشۋىق قىلىشنى يولغا سېلىش زۆرۈردۇر. ھەركەتلىك كىنو ئەترەتلىرى بۇ يىل تەجرىبىسىزلىكىدىن ۋە ئىشقا پۇختا بولالمىغىدىن ھەركەتلىك كىنو قويۇشتا نۇرغۇن كەمچىلىكلەرنى كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆتمۈشتىكى ئاچچىق تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئېلىپ، كەمچىلىكنى تېز تۈزىتىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق ۋەزىپىسىنى دەرھال تۇتۇپ ئەمەلىيلىرى بىلەن بۇ قېتىمقى كونفېرېنسىيەنىڭ كىنو ئىشلىرىمىز ھەققىدىكى قارارىنى تولۇق ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك.

3 - ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەك تىياتىرلار ھەققىدە:

«سەنئەت ئۆمىكى بىلەن تىياتىرلار سەنئەت خىز-

www.azizisa.org

مىقى بىلەن ئاممىغا تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم قورالىدۇر. شۇنىڭدەك تۈرلۈك سىياسى ۋە ئاممىنىڭ بىرلەشكەن كورۇك ئوتكۇلىدۇر. ئۇ خەلقنىڭ سىياسى، مەدەنى سەۋىيەسىنى يۇقىرى كوتۇرۇشتە ئەڭ چوڭ رولنى ئوينايدۇ. ئۇلار (سەنئەت ئومەكلىرى) يالغۇزلا كەڭ كەملىك ئاممىغا يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر بىر جايلاردىكى سەنئەت خىزمەتلىرىنى، تەشۋىقى خىزمەتلەرنى قىلىشتىكى كۈچلۈك تەشكىلاتچى ۋە ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر. ھەر دەرىجىلىك مەدەنى، مەئمۇرى ئورگانلار، سەنئەت ئومىكى، تىياتىرلارغا قارىتا رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم. سىياسى، مەپكۇرە، كەسىپ رەھبەرلىگىنى كۈچەيتىشتە ھەر ئولكە، شەھەر مەدەنى

www.azizisa.org

مىسى، ھەر بىر ۋىلايەت مەدەنى - مۇئارىپ بولۇملىرى ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئومەكلىرىگە قارىتا رەھبەرلىكنى ئەڭ مۇھىم خىزمىتىنىڭ بىرسى دەپ تونۇشى لازىم. بەلگۈلەنگەن مۇددەت ئىچىدە سەنئەت ئومەك مەجلىسلىرى ئېچىپ (ئولكە، شەھەرلەر ئاز دېگەندە ھەر يىلى بىر قېتىم) كونكرېتنى خىزمەت ۋەزىپىلىرى، خىزمەت نىشانىنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش بىلەن قاتتىق رەۋىشتە يۈرگۈزگەن ئىشنى ئۈستىدە تەكشۈرۈش لازىم. رەھبەرلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سىياسى مەپكۇرە ۋە كەسىپ خىزمەت ئۈستىگە قويۇش لازىم. ئومۇمەن مەئمۇرى رەھبەرلىكتىن باشقىرى، ئۇلارنىڭ سىياسى، نەزەرىيە، كەسىپ، مەدەنىيەت ئوگۈنۈشىگە غەمخورلۇق قىلىپ ئىجادىيىتىگە، ئەسەرلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ئىشلىرىگە رەھبەرلىك قىلىش بىلەن مەسئۇل كادرلارنى جەلىپ قىلىپ بەلگۈلۈك مەجلىسلەرگە قاتناشتۇرۇپ، بەلگۈلۈك ماتېرىياللارنى ئوقۇتۇش بىلەن سەنئەت، ئومەك، تىياتىرلارنى تەشكىلى ھالدا، سىستېمىلىق ھالدا بەلگۈلەنگەن مۇددەت ئىچىدە مەدەنى — مۇئارىپ، (مەدەنىيەت باشقارمىسى - ئىدارە) لەرگە خىزمەت دوكلادى بېرىش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ھەقىقى رەھبەرلىكنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

ئىجادىيەت بولسا، خىزمەتنى ئومۇملاشتۇرۇشنى، كەسىپ ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى كوتۇرۇلۇشىنى بەلگۈلەيدىغان شەرتتۇر......

ئىجادىيەت بولسا، ئەدەبى - سەنئەت ئومىكى، سانايى نەپىسە خىزمەتلىرىنىڭ ئەڭ مەركەزلەشكەن ھالقىسى بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇشنى رىۋاجلاندۇرۇش، كەسىپى ئىشلارنى يۇقىرى كوتۇرۇشنىڭ تۈگۈنىدۇر. ھەر بىر ئولكە، شەھەر مەدەنى - مەئمۇرىيەت ئورگانلىرى ئەلۋەتتە ئىجادى رەھبەرلىكنىڭ ئوز - ئارا ئالماشتۇرۇش پوزىتسىيەسىنى ئوزگەرتىپ كونكرېتنى ئەھۋاللارغا ئاساسەن مەخسۇس كىشىلەرنى ئىۋەتىپ گەۋدىلىك تەشكىلى رەھبەرى ئىجادى كادرلارنى، ھەر بىر مەزگىلنىڭ سىياسى ۋەزىپىلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، پىلانلىق ئىجادىيەت تەشكىللەندۈرۈش بىلەن پىلانلىق ھالدا ئۇنى كەڭەيتىش لازىم. ھەر بىر ئولكىلۇك (شەھەر) ئەدەبى - سەنئەت ئومىكى، سانايى نەپىسىلىرى پۈتۈنلەي ئىجادىيەت گرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، ئاساسەن ئىجادىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىر يىلدا ئاز دېگەندە بىرچوڭ ياكى 3 كىچىك (بىر پەردىلىك) ئەڭ ياخشى سەھنە ئەسەرلىرى يارىتىش لازىم (كاسەرىيەت ئومەكلىرى بىرچوڭ ئومۇمى كورۇنۇش ياكى 3 كىچىك كورۇنۇش ئىجات قىلىش لازىم). رەھبەرلىكتە ئەدەبى - سەنئەت تەنقىدى ۋە ئەدەبى - سەنئەت مۇكاپات ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئىجادىيەت تالانتىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش بىلەن ئەسەر يازغۇچىنىڭ ئىشەنچىنى يۇقىرى كوتۇرۇپ يېزىلغان ئەسەرنىڭ مەپكۇرىۋى خاراكتېرى، تېخنىكا خاراكتېرىنى ئىزچىللىق بىلەن يۇقىرى كوتۇرۇش لازىم. ھەر ۋاقىتتىكى يەرلىك كونكرېتنى ۋەزىپىلەرگە ۋە ھەر ۋاقىتتا ئىجرا قىلىنىۋاتقان تەشۋىق - تەرغىب نىزامنامىلىرىگە ماسلا تۇرۇش ئۈچۈن، ھەر بىر ۋىلايەت ئەدەبى - سەنئەت ئومىكى، سانايى نەپىسىلىرى كىچىك كوچمە ئويۇنلىرى، غەزەل ۋە قىسقا ھېكايەچاقلار ئىجات قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن ئاممە ئىچىدە كەڭ دائىرىدە يېيىش كېرەك..........

...خىزمەت جەريانىدىكى قالاقلىق ھادىسىلەرنى يېڭىش. ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئومەكلىرى، سانايى نەپىسەلەرنىڭ خىزمىتىدە گەرچە خېلى چوڭ نەتىجىلەر بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر قالاقلىق ۋە دائىرىقى ئەغىر كامچىلىقلار مەۋجۇت بولماقتا. بىزنىڭ ئەسىرىمىز ناھايىتى ئاز. سەھنىلەشتۈرگەندە ھازىرقى ھەركەتكە ماسلىشىدىغان نەرسىلەرمۇ كوپ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىلىيەتتە چوڭقۇر كىيىشىپ، بۇ يىل قىش پەسلىدىكى، كەلەر يىل باھار پەسلىدىكى يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە ھەققىنى كەمەيتىش ۋە زاۋۇدلادىكى دېموكراتىك رېفورمالىرىغا ماسلاشتۇرۇش بىلەن

www.azizisa.org

ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ مەپكۇرىيەسىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىدۇرۇپ، خىزمىتىمىزدىكى بەزەن تەكەببۇرلۇقنى، ئەركىنلىكنى، تارقاقلىقنى، قاتتىق ئېنىقسىزلىقنى، پىلانسىز، خاراكتېرسىزلىقنى، تەشكىلسىزلىكنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسكى كەيپىياتلارنى يوقىتىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئورنىغا چىداملىق كۈرەشنى ئۈستۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئېلغار ئەنئەنىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، خىزمىتىمىزدىكى ئىجادىي خاراكتېرنى ئۈستۈرۈپ، خىزمىتىمىزنى ھازىرقى سىياسى، ئىقتىسات ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىز لازىم........

بۇ سەنئەت ۋە تىياتىر خىزمەتلىرى ئۈستىدە چىقار- www.azizisa.org ان قارارنىڭ مۇھىم ... ھەر شەكىلدىكى (ئىتتىپاق تىياتىرلىرىمۇ قوشۇلۇپ) سەنئەت گۇرۇھى ۋە تىياتىرلار مەركىزى قاراۋۇلچى كۈچ ئېتىبار بېرىشلىرى تەلەپ قىلىنىدۇ. بىزدىكى سەنئەت ۋە تىياتىر ئومەكلىرىنىڭ بۇ كۈنگە قەدەر خىزمىتىنىڭ يوقۇلۇشىنى ۋە مەركىزى ئۇقتىسىنى تاپالماي جەمئىيەت تەلەپىدىن كېيىن قېلىپ سۇرۇلۇپ كېلىشلىرى، ئاساسەن سىستېمىسىنىڭ ۋە تەشكىلىنىڭ ساغلام ئەمەسلىكىدىندۇر. شۇنىڭدەك ئۆگىنىش ئىشتىياقلىرىنىڭ تۆۋەن، مەپكۇرە قالاقلىقلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىندۇر. گەرچە كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ مەسىلىلەر بىر قەدەر ھەل بولدى. ئالغا سىلجىشلەر، يۈكسىلىشلەر بولسىمۇ، تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بەزەن سەنئەتچىلەردە كونا قالاق ئادەتلەر بولغىنى ئۈچۈن خىزمەت ئۈنۈمىنى، تەشۋىقاتچىلىق، تەربىيەچىلىك رولىنى زور قىلىپ كۆتۈرەلمەيۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بىردىن چوڭ ئىنسىنى تەلەپ قىلىپ بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، خۇسۇسەن ئىجادىيەت مەسىلىسىدە نەتىجىلەر ئاز. مەسىلەن: ئۆلكىلىك سەنئەت ئومىكى يەر ئىجارىسىنى كەمەيتىش خىزمىتىگە قاتنىشىش ئالدىدا لايىقلىق يېڭى ماسلاشقان سەھنە ئەسەرلىرىنى ئالدىن تەييارلاپ ئىجات قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن خېلى تەمتىرەشلەر بولدى. بۇ، خىزمەت يۈزىدە ياخشى تەجرىبىدۇر. بۇندىن كېيىن كەلگۈسىدىكى ئېھتىياجنى كۆرۈش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئالدىن ياخشى تەشۋىق رولىنى ئوينايدىغان سەھنە ئەسەرلىرىنى يارىتىش بىلەن بىللە، سەنئەت تېخنىكىسىنى، ماھىرلىقنىمۇ چېنىقتۇرۇپ بېرىش بىلەن تۈزلى ئىلمى ئاساستا ئۈستۈرۈش لازىم. بىزدە قۇرۇق ئەنئەنىچىلىك كۆپەيتىش، ئىقتىسادى ياقتـ-

-كى يوختۇلۇقنى تەلەپ قىلغۇچىلار ياكى بولمىسا، مەن سەنئەتچى، باشقا ئىش بىلەن كارىم يوق دېگۈچىلەر يانا ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتقۇچىلار، خەلقتىن ئۆگىنىشنى خالىمىغۇچى سەنئەتكارلارمۇ بار. يا بولمىسا، بىلگىنىنى مەھكەم تۇتۇپ ئېلىپ، باشقىنى ئۆگىنىشنى خالىمىغۇچىلارمۇ بار.

بۇ قالاقلىقلارنىڭ مەركىزى ئۇقتىسى مەپكۇرە ياتقىلىكى كېسەلدۇر. بۇ كېسەلدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن زۆرۈرىدا كۆرسىتىلگەن نەزەرىيەۋى ئۆگىنىشنى تەتبىقلىق يوسۇندا تىرىشىپ قىلىش لازىم. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەردە خۇسۇسەن سەنئەتچىلەردە بەسىرۋالىق، چىدامسىزلىق ياكى بولمىسا بىردىن زۆرۈرى بالداقتا چىقىپ ئالدىن دەرىجىنى (ئېنۋاننى) تەلەپ قىلغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار تېخى خىزمەت ئارىنى خەلقنىڭ سېكىدۇرمەي تۇرۇپلا خەلقتىن بەدەل سورىغۇچىلاردۇر. قىيىنچىلىقتا چىدىماي راھەتلىكنى تەلەپ قىلغۇچىلاردۇر. ئەگەر يانا مۇنداق خاھىشلار داۋام قىلىدىكەن، ئۇ ۋاقىتتا بىز بۇ قېتىمقى كونفېرېنسىيەنىڭ روھىنى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرەلمەيلا قالماستىن، ئېلان قىلغان مۇھىم قارارلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەتچى يولداشلارنىڭ بۇنداق قالاقلىقلار بىلەن كەسكىن كۈرەشىپ ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىپ ۋە ئالدىمىزدىكى ئۇلۇق كۈرەشلەر قاينىمىدا پىشىپ يېتىلگەندىن - يېڭى سەنئەت ئوبرازلىرى بىلەن خەلق خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا چاقىرىمىز.

4 - كونا ئوپېرا سەھنە ئەسەرلىرىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى: غەربى - شىمالدا ئوپېرا ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخقا ئىگە بولۇپ ئۇ ھەممە يەرگە تارالغان، يەرلىكلەرغىمۇ قانات يايغان. ئانا كەلگۈسىدىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. بىز مەركىزى خەلق ھۆكۈمەت سىياسى ئىشلار كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسلىنىپ، ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ئاكتىپ كىرىشىشىمىز لازىم. ھەر كىز ئىشنى ئۆزىچە يۈز بېرىشكە قويۇپ بەرمەستىن شۇنىڭ بىلەن ئالدىرىماستىن، ئېھتىياتچان بولۇش، تەنقىد - تەربىيە بېرىش، ئۆزگەرتىش، تەئمىنلەش، ئىمكانىيەت قەدەم بىلەن ئالغا بېسىش، يونىلىشكە ئاساسلىنىپ، ئوپېرالارنى خەلقنىڭ ئىنقىلابى كۈرەشتە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىدىكى تەربىيەۋى رولىنى ئوينايدىغان قىلىپ ئايلاندۇرۇپ، مۇھىم قورال قىلىش لازىم ......»

ۋ مەسىلىدە سىنىپى ئاڭنى تەلەپ ئەمەتتادا، ئا-

www.azizisa.org

لاھىدىلىك بار. چۈنكى كونا سەھنە ئەسەرلىرى چاڭشى ئاساسەن خەنزۇ مىللىيتى ئىچىدە كۆپرەك مەۋجۇت. بىر زىلدىن بۇيان كونا سەھنە ئەسەرلەرنى تەرتىپلەش ئىشى دىگەندەك يولغا سېلىنمىدى. خۇسۇسەن (چاڭشى) مەدىنىيەت باشقارمىسىمۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە دىگەندەك كۈچ چىقىرالمىدى. بۇ تارىخى ئەھمىيەتلىك مەسىلىنى قانداق بولمىسۇن تەرتىپكە سېلىش كېرەك بولىدۇ. شىنجاڭدىكى خەنزۇ مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەزىلغان سەھنە ئەسەرلىرى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئوبدان نەتىجىلەر قازاندى. مەدىنىيەت باشقارمىسى 51 - يىللىق تەكشۈرۈشىدە 148 سەھنە ئەسەرىنى www.azizisa.org يىغىۋالىپ، بەزى نامۇۋاپىق ۋە ئەسىل مەپكۇرىدىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى رەتتىن چىقىرىپ قويماسلىقتا ئەمەلان قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ مەسىلە يانادا ۋامىلىق دالداۋۇ.

گۆزۈلۈش زەرۇر. بەزى تۈزۈتۈشكە بولىدىغان ئەسەرلەرگە كۆپرەك دىققەت قىلىپ، ئىلاجىنىڭ بېرىچە يازغۇچىلارغا ياردەم قىلىپ، يولىيورۇق كۆرسىتىپ ياخشىلاشتا، تولۇقلاشتا تىرىشىش تەكشۈرۈشكە قاتناشقۇچى يولداشلارنىڭ ئايرىمچە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىسىدۇر.. مەدىنىيەت باشقارمىسى تەكشۈرۈش كامىسسىيەسىنى تەخمىنىن كەڭەيتىپ كوناسەھنە ئەسەرلىرىنى (قايسى مىللەت بولمىسۇن) تەكشۈرۈشنى، تۈزۈتۈشنى قوشۇپ ئېلىپ بېرىش بىلەن يەڭى ئىجادى ئەسەرلەرنى قەتئىيلىك بىلەن تەكشۈرۈش ۋە تۈزۈتۈش، ئىسلاھ قىلىشنى يولغا سېلىش لازىم.

بىزدە يەنە بىر چوڭ چۈشەنمەسلىك بار. ئۇ بولسىمۇ، كونا نەرسە، كېرەكسىز دىگەن قاراشلارمۇ يوق ئەمەس. بۇ خاتا قاراشدۇر. بىز تارىختا تەنقىدى كۆز بىلەن قارايمىز. تارىختىكى ياخشى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىمىز، ناچار (فىئودالىق، تەتۈر ئىنقىلابى) نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلايمىز. بۇ ئەلۋەتتە كونىنى ئىسلاھ قىلىشدۇر. ھەر مىللەتنىڭ تارىخى تراددىتسىيەلىك نەرسىلىرى، بارلىق نەرسە كەلگۈسىدىمۇ قىممىتىنى يوقاتماي، ئەڭ ئالى جەمئىيەت تەرەققىياتىدىمۇ بىز بىلەن بىللە بارالايدۇ. دىمەك بىز بۇ ياقلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

يەنە بىر مەسىلە، مەيلى كونا، مەيلى يەڭى ئىجادى ئەسەرلەر بولسۇن، بۇندىن كېيىن ئوچۇق تەنقىت ۋە مۇنازىرىلەر بىلەن تولۇقلاشقا تىرىشىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوچۇق تەنقىتنى سەمىمىيلىك يوسۇندا يۈرگۈزۈش توغرى كېلىدۇ. بىز بۇ ئىشتا قەتئىيلىك بىلەن ئاتلىنىشىمىز لازىم.

خەلىق مەدىنىيەت قىرائەتخانىلار ھەققىدە:

«خەلىق مەدىنىيەتخانىسى بولسا، ھەر دەرىجىلىك مەدىنى ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ھەر بىر جايلاردىكى شەھەر، قىشلاق، ئاۋۇللاردىكى جەمئىيەت ئارىسىدا مەدىنىيەت ھەرىكەتلىرىنى يۈرگۈزىدىغان مەركىزى خىزمەت ئورنىدۇر.

ئومۇمى پروگراممىنىڭ مەدىنى - مائارىپ سىياسىتىگە ئاساسەن، ھەر يەر شۇ يەرنىڭ مەركىزى ۋەزىپەسىدىكى مەدىنى - مائارىپ، تۈرلۈكچە كېلىملىك خىزمەتلەرگە ماسلاشتۇرۇپ، ئەتراپتىكى ئاممىغا، خۇسۇسەن ئىشچى، دېھقان ئاممىسىغا تەقىم مەسىلىسىنى، سىياسەت، قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىپ، سىياسى، مەدىنى تەئلىم - تەربىيە يۈرگۈزۈش بىلەن ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپ چىقىرىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ چوڭقۇر رەۋىشتە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەئلىم-تەربىيەنى ئومۇملاشتۇرۇپ خەلىقنىڭ سىياسەت بىلەن تونۇشىشىنى، سىنىپى ھەسسىياتىنى، ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش لازىم....»

شىنجاڭدا مەدىنىيەت ئورۇنلىرى (قىرائەتخانىلار، خەلىق ئاقارتىش يۇرتلىرى) ئىجتىمائى مەدىنىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا ئۆزىنىڭ رولىنى ئوينىيالمىدى. ئۇلار يالغۇز كىچىك دائىرىلىك قىرائەتخانىلار ئىچىدىن چىقالمىدى. خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ۋە خەلقنىڭ مەدىنىيەت سەۋىيەسىنى كۆتۈرۈشتىكى كونكرېت مەسىلىلەر، ئەقىمدىكى ئاساسى كۆرسەتمىلەرگە ماسلاشتۇرۇپ خەلىققە ئۇنى لېكسىيە سۆزلەش، ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش، تاختا گېزىتلىرى، رەسىملىك سان، تۈرلۈك كۆرگەزمە تەشۋىقاتلىرى، تۈرلۈك ئىلمى سۆھبەت مەجلىس، رادىئو ئۇرۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىق قىلىش ئىشلىرىنى قىلالمىدى. خەلىق بىلەن مەھكەم بىرلەشەلمىدى. خەلقنىڭ پىكىرىگە قۇلاق سېلىش (پىكىر ساندۇقى ئارقىلىق) خەلىق ئىچىدىكى بىر مەدىنىيەتنى ئالغا سۈرۈشتە ياردەملىشىش (خەلىق ئىچىدىكى سەنئەتچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشتا) ئىشلىرىنى ئېلىپ بارالمىدى. كونا ئەسارەت-ئەقىدە ۋە ئىند-

www.azizisa.org

قىلالىشى ئەسارە ـ ئەتىقىگە ئائىت ماتېرىياللار ـ ئەرسىلەرنى توپلاش رەتلەش ئىشلىرىنى قىلالىدى.

توغرا، بۇ يەردە مەدەنىيەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ تەشكىلى يېتىشسىزلىكى ئار قىسىمدا مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا ـ قىرائەتخانىلارغا قارىتا رەھبەرلىك رولى دېگەندەك كونكرېت ھالدا قويۇلۇپ كەلمىدى. بۇنىمۇ ئەسلەپ ئۆتمەي بولمايدۇ. بۇندىن كېيىن خەلقنىڭ يېڭى دەۋر مەدەنىيىتىنى كۆتۈرۈشتە خەلق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئاساسى رولنى ئوينىشى كېرەك. چۈنكى خەلقنىڭ ئىجتىمائى مەدەنىيىتىگە خەلق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدۇ. شىڭ جاڭ بويىچە بۈگۈنگە قەدەر خەلق مەدەنىيەت www.azizisa.org كىچىك دائىرىدە خەلق ئاقارتىش ئورۇنلىرى ياكى قىرائەتخانە تەرىقىسىدە ئىشلەپ كەلمەكتە) مۇئارىپ نازارىتى رەھبەرلىك قىلماقتا. يېڭى خىزمەت تەرتىپى بويىچە مەدەنىيەت باشقارمىسى رەھبەرلىك قىلىش كېرەك. ئى مۇشتە بۇ ھەقىقىكى بەزى ئىش ئۈستىدىكى رەھبەرلىكلەرنىڭ ئىزچىل بولماسلىقىدىكى سەۋەبى بۇ شۇ يەردە.

ھازىرچە يېڭى مەدەنىيەت باشقارمىسى رەسمىي ئۇيۇشۇپ ئالغىچە يەنە قىرائەتخانە، خەلق ئاقارتىش يۇرتلىرى مۇئارىپ نازارىتى قارىمىقىدا بولىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىش ئۈستىدىكى ئاساسى بويسۇنۇشىنى تونۇپ ئېلىشىمىز لازىم. كونفېرېنسىيەنىڭ قارارى بويىچە بۇندىن كېيىن ئىسمىنى ياقتىنمۇ «خەلق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى» دەپ يۇرۇتۇلۇشى ھەم ئۇنىڭ ئىش دائىرىسىمۇ كېڭەيتىلىشى كېرەك. (تەشكىلى ۋە ئىش دائىرە جەھەتتىكى قارارنى ئايرىم تونۇشتۇرىمىز).

خەلق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئۆزىنى خەلققە تارىتىپ، خەلقىمىزنىڭ سىياسى، يەنى، مەدەنىي سەۋىيىسىنى كۆتۈرۈشتە ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئاتلىنىشلىرى لازىم.

مەدەنىيەت سەپىدىكى يولداشلار!

بىزنىڭ ئالدىمىزدا زور مەدەنىيەت كۈرىشى تۇرۇپتۇ، ئۇ كۈرەش بولسىمۇ، ماۋزېدۇڭ دەۋرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تىكلەشتۇر. بۇ كۈرەشنى غەلىبىلەر بىلەن تۈگىتىش ئۈچۈن ھەممىمىز بىردەك كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. ئۇتۇقتىكى مەدەنىي ئىشلىرىمىز-نىڭ يوقىلىشى، نىشان، سىستېما ۋە كەسىپ جەھەتتىكى پۈتۈن كەمچىلىكلىرىگە دىققەت قىلىپ، بۇ كەمچىلىكلەرنى ئىزدىن يوقۇتۇش لازىم. بۇ قېتىمقى غەربى-شىمال بويىچە ئېچىلغان مەدەنىيەت مەئمۇرىيىتى كونفېرېنسىيەسىنىڭ روھىنى ۋە قارارلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئۇنى كەلگۈسى ئىشلىرىمىزنىڭ نىشانى ۋە ئاساسى ۋەزىپىسى قىلىپ بەلگىلەپ ھازىرقى شىڭجاڭنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىمىز ناھايىتى مۇھىم زۆرۈردۇر. ئالدىمىزدا ئاجايىپ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىجتىمائى ۋەزىپە، ئىجتىمائى ئىسلاھات كۈتۈپ تۇرماقتا. پۈتۈن مەدەنىيەتچىلەر ئۈستۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن بۇ كۈرەشكە ئاتلىنىپ، ئۆزىنىڭ تولۇق ھەسسىسىنى قوشۇش لازىم بولىدۇ.

يەنە بۇ قېتىمقى غەربى - شىمال مەدەنىي - مائارىپ ھەيئىتىنىڭ 3 - سانلىق مەجلىسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇسابىقىنى يۈرگۈزۈش قارار قىلىندى.

بىزنىڭ ئۆلكە بويىچە مۇسابىقە 52 - يىلى 5 - ئاينىڭ بېشىغا قەدەر ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇرىمىز. مەدەنىيەت ساھەسىدە مەدەنىيەت ئەمگەك نەمۇنىلىرىنى تاللاپ چىقماقچىمىز. بۇ بۈيۈك ھەركەتتە پۈتۈن مەدەنىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ يېڭى پائالىيەتلىرى ۋە يېڭى ئىجادى تەجرىبىلىرى بىلەن قوشۇلۇشى كېرەك. «مەدەنىيەت ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنى ئېلىشقا ئىجتىھات قىلىش كېرەك. بىزنىڭ بۈگۈنكى بارلىق مەدەنىي ھەرىكىتىمىز، ئىجادىيىتىمىز ئالدىمىزدا يۈز كۆرۈلىۋاتقان 3 بۈيۈك ھەرىكەت ۋە بۈيۈك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى، شۇنداقلا ئۈستۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى ئىگىلەش بىلەن خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدىمۇ مەدەنىيەتچىلەر پائال رولنى ئوينىشى كېرەك.

ستالىن: «سەنئەتچىلەر ئىنسان باللىرىنىڭ روھى ئىنژېنېرلىرى» دېگەن يۈكسەك نامنى بەرگەن ئىدى. بۇ يۈكسەك نامنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن شۇنىڭغا لايىق تەربىيەچى بولۇشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ھەر بىرىمىزنىڭ ھەر مىنۇتتا ئەسلەشكە تېگىشلىك بولغان ئۇلۇغ شوئاردۇر.

پۈتۈن سۆزىمىزنى ناھايىتى قىسقا خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ئىنقىلابى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاممىۋىلاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتىن ئىبارەتتۇر.

www.azizisa.org



«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى 1951 - يىلى 4 -5 سان. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورى www.azizisa.org

# بىرىنچى نوۋەتلىك شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلەر مۇسابىقىسىنىڭ خۇلاسىسى

ئۆتمۈشنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئەلىمىزنىڭ بارلىق تەرەققىياتىنى بوغۇپ تاشلىغان ئىدى. جاھانگىرلىك تەجاۋۇز ۋە فېئوداللىزملىق زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقىمىز سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنى جەھەتتىن خارلىق تارتىپ، ئېغىر دەرت چەككەن ئىدى. ئۆلكىمىز شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئەنە شۇ ئېزىلىش ئاستىدا ئەلەم ئۇزۇن زامان يانچىلىپ كەلدى. جۈملىدىن ھەر مىللەتنىڭ مىللى مەدەنىيىتى جاھانگىر ۋە فېئوداللار تەختىدىكى رېئاكسىيون ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئاياق -- ئاستى قىلىنغان ئىدى. ئۆتمۈشتە ئۆزىنىڭ كلاسسىك مەدەنى بايلىقلىرى بىلەن تونۇلغان خەلق، زاۋاللىقتا يۈز تۇتقان ئىدى. گەرچە كەمىيىنىكى ۋاقىتلاردا مەدەنىيەت

www.azizisa.org

ئېچىلغان بولسىمۇ، ئۇ، كۆپىنچە ئۈلۈك مېھمانكەش خەلقنىڭ نامىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلالىدى. رېئاكسىيونلار ھاكىمىيىتى مەدەنىيەتنىڭ خەلق ئۈچۈن ئىشلەش يولىنى توساپ خەلقنى قاراڭغۇلۇقتا تۇتۇپ كەلگەن ئىدى.

ئۆلكىمىز ئازات بولغاندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە خەلق دۆلىتىمىزنىڭ غەمخورلىقى ئاستىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ مېھنەتكەشلىرى قەددىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى. خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شەكلى مىللى، مەزمۇنى يېڭى دېموكراتىزملىق مەدەنىيىتىنى تىكلەش ئۈچۈن ئوبدان يول ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ يېڭى ئەدەبىيات -- سەنئىتىمۇ ئويغىنىشقا باشلىدى. كومپارتىيە بىزنىڭ ئەدەبىيات -- سەنئىتىمىزنىڭ ماۋ زېدوڭچە توغرى نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۆتكەن يىل ئۆتكۈزۈلگەن غەربى -- شىمال ئەدەبىيات -- سەنئەت خادىملىرى قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى ۋە ئۆلكىلىك مەدەنىي - مۇئارىپ ھەيئىتىنىڭ ئۆتكەن يىلقى كونفرانسىيەسىنىڭ ئەدەبىيات -- سەنئىتىمىزنىڭ يول-يورۇقى، ۋەزىپىسى ھەققىدىكى قارارى شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ يېڭى ئەدەبىيات - سەنئىتىگە خەلقچىل ئىلھام بەردى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتى مەزكۇر قارارلارغا ئاساسەن بۇ ساھەدە بىر قەدەر ئۇيۇشمىلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. گەرچە بۇ خىزمەت قاناەتلەنەرلىك بولمىسىمۇ، ئىش قىلىپ بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن خېلى يېڭىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈردى. كونا سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەكشۈرۈش، ئۆزگەرتىش، تىياتىرلار ئۈچۈن يېڭى كىتاب ۋە يېڭى كونسېرت نومۇرلىرى راسلاش، قىسمەن بولسىمۇ، ئىجادىيىتىمىز ھەققىدە مۇزاكىرە يۈرگۈزۈش، خەنسۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى تونۇشتۇرۇش «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىش، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى رەتلەپ رەۋاجلاندۇرۇش ھەرىكىتى ۋە مۇسابىقە ئويۇشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار ئۆلكىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىدە ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان نۇرغۇن ياخشى نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئەدەبىي - سەنئەت ئەسەرلىرى مۇسابىقىسى -- ئازاتلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئەۋۋەللىك بىر قەدىمى. ھەقىقەتەنمۇ بىزگە شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى بىلەن چوڭقۇرراق تونۇشۇشتا توغرى كەلگەن ئىدى. شۇ نەتىجىگە قاراپ ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكلىرىمىز ئۈستىدە كونكرېت مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم ئىدى. شۇنداقلا، خىزمەتنىڭ ياش ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولۇشى، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق نەرسىلەر ئۈستىدە قانداق ئىشلەش توغرىسىدا كونكرېت مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئومۇمەن بۇ ئەھۋاللىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ رەۋاجلىنىشى ئۈچۈن خېلى ياخشى بىر ياردەمچى بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى تەرىپىدىن مۇشۇ يىل 4 - ئايدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلەر مۇسابىقىسىنى ئېلان قىلىپ، مۇسابىقىگە تەقدىم قىلىنىدىغان ئەسەرلەرنىڭ پرىنسىپى بەلگىلىنىپ

www.azizisa.org

بەرىلگەن ئىدى. 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مۇسابىقىغا كەلگەن ئەسەرلەر ئۈستىدە رەسمى تەكشۈرۈش باشلاندى. بۇ مۇسابىقىگە [illegible] كىشى قاتناشتى. مۇسابىقىگە قاتناشقان ئەسەرلەر ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بارلىق ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. بۇ - ئەدەبىياتنىڭ بۈگۈن موجۇت بولغان ساھەسى، سەنئەتنىڭ بولسا پەقەت رەسىم، ھەيكەلتاراشلىقتىن ئىبارەت قىسمەن ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مۇندىن باشقا ساھەسى (ئاھاڭ ئىجات قىلىش، ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، سەھنە ئەسەرلىرىدە رول بېجىرىش ۋە باشقا سەنئەت شەكىللىرى) ئۈستىدە بۇ يىل مۇسابىقە ئۆتكۈزۈشنىڭ تولۇق ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن كېيىنگە قالدۇرۇلغان ئىدى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار ئۆلكىمىزدە ياشىغۇچى ئون ئۈچ مىللەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋەكىللىرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالالمىدى. شۇڭلاشقا بەزى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن ئەگەر بولمىغاندا بىر قانچە نۇسخىسى بۇ يەردە تەرجىمە قىلىنمىغانلىقتىن ئۇلار قاتنىشالماي قالدى. خەنزۇدىن بىزگە ئايرىم ئەسەرلەر كەلمىگەنلىكتىن، شۇنداق بولسىمۇ شىنجاڭ خەنزۇ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى شىنجاڭ جەنۇبى رايون مەدەنىيەت بولۇمى تەربىيەلىگەن ئۆيۈشتۇرۇلغان مۇسابىقىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭغا قاتناشمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ مۇسابىقە نەتىجىسى (بولۇپمۇ «ئىتتىپاقلىشىپ يېڭى شىنجاڭ قۇرايلى» دېگەن ئەسەر ۋە باشقىلار) ئۈستىدە بىزنىڭ مۇسابىقە ھەيئىتى ئۆزىنىڭ ئايرىم پىكىرىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شىبە، تاتار، رۇس مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان مۇسابىقە ئىشتىراكچىلىرىنى مۇسابىقە ھەيئىتى شۇ مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى ۋەكىللىرى دەپ تونۇيدۇ.

مۇسابىقە ئاساسەن ئۈچ ساھە - شېئىر، پروزا ([illegible] ئاساسلىنىپ، پروزا بىلەن بىرگە تەكشۈرۈلدى)، رەسىم، (ھەيكەلتاراشلىق بىرلىكتە) لەر بويىچە تەكشۈرۈلدى.

تەكشۈرۈش ۋە خۇلاسە چىقىرىشتا دىققەت قىلىنغان نۇقتىلار - ئەسەرنىڭ تارىخى ئەھمىيىتى، تەربىيەۋى رولى - (قايسى دەۋىردە يېزىلسۇن، شۇ ۋاقىتتا ئوينىغان رولى، ئىنقىلابى ئاكتىپلىقى)، سىنىپى ۋە تارىخى كۆز قارىشى، قايسى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە تۇغۇلغانلىقى (قانداق ئەدەبىي ئالاقىدە مەپكۇرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ)، گۈزەللىكى (ئەدەبىي ماھارەت، ئامېۋىلاشقان خاراكتىردىمۇ ياكى توغرىلىقىمۇ، خەلقنىڭ ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىش دەرىجىلىرى قانداق) تۇتاشلاردىن ئىبارەت بولدى.

ھەر ھالدا ئازادلىقتىن كېيىن بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەزمۇن ۋە سەنئەت جەھەتتىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئالغا باسقانلىقى، ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا كىرىشكەنلىكى مۇسابىقىدا ئېنىق كۆرۈلمىدى. شۇنداقلا ئەدەبىيات - سەنئەت كادىرلىرىنىڭ پائالىيىتى باھالاندى.

نەتىجىدە زىيا سەمىدى (ئۇيغۇر)، «قانلىق داغ» پىيەسسىسى بىلەن تېيىپ جان ئەلىيېۋ (ئۇيغۇر) ئۆزىنىڭ پوئېما ۋە شېئىرلىرى بىلەن غايىاز ئىسھاق (تاتار) ماۋزېدۇڭ ھەيكىلى بىلەن بىرىنچى دەرىجىگە ئىگە بولدى.

زىيا سەمىدىنىڭ «قانلىق داغ» پىيەسسىسىنى مۇسابىقە ھەيئىتى ئۆلكىمىزدىكى سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئالدى دەپ باھالىدى. گەرچە پىيەسسىدە سىنىپى كۈرەش دېگەندەك مەنىۋى كەسكىن ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ (بۇ ئەلۋەتتە ئاپتورنىڭ كۆپرەك ئىشلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ). جەمئىيىتىمىزدە ئۇزۇندىن بېرى ياخشى رول ئويناپ كەلگەن خەلقىمىزگە تونۇش ئەسەردۇر.

تېيىپ جان ئەلىيېۋنىڭ شېئىرلىرىدا ۋە ئىچىدىكى پوئېمىلىرىدا زامانىمىزنىڭ ئاكتىۋال تېمىلىرى، خەلق ياشى ئىپادىلەنگەن. گەرچە ئاپتور تېخى ئىجادىيەتتە بالاغەتكە يەتمىگەن بولسىمۇ، مۇسابىقە ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىنى مۇسابىقىغا كەلگەن شېئىرلارنىڭ ئالدى دەپ باھالىدى.

غايىاز ئىسھاق - ئۆلكىمىزدە تېخى ھەيكەل قىلىپ باقمىغان ماۋزېدۇڭ ھەيكىلىنى ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

بۇ ئۈچ ئاپتور مۇسابىقە ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئالدى دېگەن نامغا ئەنە شۇنداق ئىگە بولدى.

ئۇندىن باشقا ئەلقەم ئەختەم (ئۇيغۇر)، ئابە قارا (قازاق) ئابلىز نازىرى (ئۇيغۇر) قۇربان ئەلى، نىغمەت ئىملۇبەك (قازاق) لارنىڭ ھەممىسى شېئىرلار بىلەن، زۇنۇن قادىرى (ئۇيغۇر)

www.azizisa.org

يۈسۈپبەك مۇخلىسوۋ ( ئۇيغۇر ) ۋاگىدىك ( شىۋە )
بۇلار پىروزا، پەسسىلەر بويىچە، - پ. كالاكولىق-
سىي ( رۇس ) رەسىملەر بويىچە 2 - دەرىجىگە ئېرىشكە
بولدى. بۇ ئاپتورلارمۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىيات-
سەنئەت ھەرىكىتىمىزنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن ھېسابلى-
نىدۇ.

كەنزەى ( موڭغۇل ) ، قاجىغۇمار ( قازاق ) ،
تۇرغۇن ئالماس ( ئۇيغۇر ) رەخمەتۇللا ( قازاق )
د. تۇرەخمەتوۋ ( ئۇيغۇر ) ، قۇرمانباي ( قازاق ) ،
ئاياغان ( قازاق ) ، ميرزابەك ( قازاق ) ، غەنىزات
غەيۇرانى ( ئۇيغۇر ) بۇلارنىڭ ھەممىسى شېئىرلار-
بويىچە، - ئەيسا يۈسۈپ ( ئۇيغۇر ) ، گوجىنەن (شى-
ۋە ) ، ئابدۇقادىر زۇنۇنى ( ئۇيغۇر ) گوبېك كېنۇي
( شىۋە ) لەر ( پىروزا ۋە پەسسىلەر بويىچە ) ، ئاب-
دۇخالىق ئۆمەرى ( ئۇيغۇر ) رەسىم بويىچە 3-دەرى-
جىگە ئېرىشكە بولدى.

www.azizisa.org

ئاپتورلارنىڭ ئىچىدىن زور ئالاھىدە ئەمگەكلىرى ۋە خە-
لىق ئەۋدىلىك ئىجادىيەتلەر مەيدانىغا كەلىشىگە ئېرىشە-
چىمىز بار

باتۇر راشىدىن ( ئۇيغۇر ) ، جاپپار ئەخمەت ئۇي-
غۇر ) شاۋخۇا ( شىۋە ) ، باۋما ( موڭغۇل ) ، يۈسۈپ
ئىلياس ( ئۇيغۇر ) ، تۇرسۇن قاھارى ( ئۇيغۇر ) ،
نامەر ھەسەن ( ئۇيغۇر ) ، ئۆمەر ئىمىن ( ئۇيغۇر ) ،
ئابدۇرەھىم يۈسۈپ ( ئۇيغۇر ) ، ياقۇپبەك ( قازاق ) ،
ئابدۇكېرىمسابادەوۋ ( ئۇيغۇر ) ، نۇرپولات ( قازاق ) ،
تاجىدىن قادىر ( ئۇيغۇر ) - بۇلار شېئىر ۋە پىروزا
بويىچە، - ئەخمەت بەختى ( ئۇيغۇر ) رەسىملەر بوي-
يىچە - تور تىپىجىلىكنى ئالدى. ئۇز ئىجادىيىتىدە مەز-
مۇن ۋە گۈزەل سەنئەتنى ئاكتىپ ئال مەسىلىلەرنى
ئىپادىلەشتە بىر قەدەر رولى بولغان بۇ ئاپتورلارنىڭ
ئىچىدىنمۇ زور تەلپۈنۈش بىلەن ئۇسۇۋاتقانلار خېلى
بار. بۇلارغا ئەلۋەتتە كۆپرەك ياردەم بېرىپ ئۇستۈ-
رۈش ناھايىتى زورۇر.

يۇقۇرىدىكىلەردىن باشقا يەنە بىر قانچە ئاپتور-
لارنىڭ ئەسەرلىرى مۇسابىقىدە تەكشۈرۈلدى. مەسى-
لەن: قۇربان ئىمىن، مەھەممەت ئىمىن يۈسۈپ، را-
مازان ئوسمانوۋ، ئەخمەت يونۇس، ئەزىز ئۆمەرلەر بۇ
ئاپتورلار تېخى ئىجادىيەتتە خاموراق. بۇلارغىمۇ يار-
دەم كېرەك. ئەلۋەتتە جىقراق ياردەم كېرەك.
مۇسابىقىمىزنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئەنە شۇنداق.

1 - تېمىلەرنى يېزىش ۋە ئاكتىۋئاللىقنى تونۇش
ھەققىدىكى مەسىلە - رەئىس ماۋزېدوڭ جۇڭگو ئە-
دەبىيات - سەنئەتچىلىرىگە ئالدى بىلەن كىمنى يېزىش
كېرەك دېگەن مەسىلىگە «ئىشچى، دېخان، ئەسكەر-
لەرنى يېزىش كېرەك» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى.
بىزنىڭ ھازىر ئالىنغان تېمىلىرىمىزدە دېخانلار ھاياتى
بىر قەدەر ئەكىس ئەتتىلىدى. لېكىن دېخانلار ھايا-
تىدىكى قايسى مەسىلىلەرنى ئالالاپ يېزىش سىياسەت
ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىدۇ دېگەننى يولداشلار تې-
خى بىر شەلمىگەن. نۇرغۇن ئاپتورلار مۇشۇ كەمگىچە
ئوتمۇشنى كۆرسىتىش دەرىجىسىدىن «بۈگۈنكى كۆرەش-
نى كۆرسىتىش» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمەۋاتىدۇ.
بۈگۈنگىچە نەغمەت مىڭجانوۋنىڭ «قارلىغاش» دېگەن
پوئېمىسى بىلەن قاجىغۇمار شابدانوۋنىڭ «ئۈيۈندىن
ئوت» دېگەن ھېكايىسى تولۇق مىسال بولالايدۇ.
گەرچە ئاپتورلار بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە خېلى كۈچ
چىقارغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى ئاكتىپ ئال تېمابىلا ئاما-
لىيغى بىلەن خەلىق ئالدىدا دېگەندەك ئالقىشقا ئە-
بولالمايدىغانلىقى ئەيىنى

بۈگۈنكىدىن بىز ئوتمۇشنى كۆرسىتىشنى تولۇق تو-
رۇنداپ بولدۇق دېگەن مەنىنى كەلتۈرۈپ چىقمايدۇ. بىز-
ئوتمۇشنى تېخى تولۇق يازالمىدۇق. ناھايىتى ئازىياز-
دۇق. بىز ئەلۋەتتە ئۇنى تولۇق ئىنىكاس قىلىشتا
تىرىشىشىمىز. گەپ بۇ يەردە بۈگۈنكى جىددى كۈ-
رەش مەسىلىلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇش
كېرەك دېگەن مەنىدە كېتىۋاتىدۇ. ھازىر جەمئىيى-
تىمىزنىڭ مەزمۇنى ئۆزگەردى. ھاياتتا يېڭى - يېڭى
كۆرەش، يېڭى بۆرۈلۈشلار بار. ھازىرقى دېخانلار
بۇرۇنقى دېخانلار ئەمەس. بۇرۇن ئۇلار ئېزىلىشتىن
بۇلەكنى كۆرمىگەن خەلق بولسا، بۈگۈن ئۇلار قەد-
دىنى كۆتەرگەن ۋە شۇ ئېزىلىشنى ئاغدۇرۇپ تاشلاۋات-
قان جاھانگىر ئوترەد. دېمەك ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىجادىيىتى ئۈچۈن يېڭى - يېڭى تېمىلار بارلىقتا
كەلمەكتە. مۇنداق قىزغىن كۆرەشنىڭ ئوبرازىنى
كۆرسەتمەي بولامدۇ؟ بىز ئەنە بۇ ئەھۋاللارنى ئەكىس
ئەتتۈرەلىسەك، بۇ كۆرەشلەرگە يار - يۆلەك بولغان
بولماتتۇق؟ ئۇنى دېمىسەممۇ بىزدە بۇ كۆرەشنى كۆرسىتىدى-
غان جانلىق بىر ئەسەر يوق. دۇرۇست، يېڭى كۆرەش تېمى-
لىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە تىپىك جان ئەلىيېۋ-
نىڭ «زىرائەتنىڭ خەت»، «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز» ئەخشا-

www.azizisa.org

كېيىنكى پوئېمىلىرى، ئەۋبەر نىيازنىڭ «مەمەت چورۇق» دېگەن پوئېمىسى بىر قەدەر دىققەتكە ئەرزىيدۇ.

ئومۇمەن بۈگۈن بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىزدە خەلقى بىر تەلپۈنۈشنىڭ بارلىقىنى كۆرسۈتۈدۇ. بۇ تەلپۈنۈش پەقەت بىزدە ئازاتلىقتىن كېيىنلا بارلىققا كەلگەندۇر. مۇسابىقە بىزگە يەنە مۇشۇنداق مۇسابىقە ھەركەتلىرىنى كەڭ دائىرىدە ئىزچىل ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ۋاقتى - ۋاقتىدا باھالاپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتتى. بۇنداق زور بىر ھەركەت، بىزدە بولۇپ باقمىغان، لېكىن بۇ بىرىنچى قېتىملىق مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى، بىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى ئىجادىيەتتە ئۇسۇشىمىزنى تەئمىنلەپ كېتەلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنۇتۇش مۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىمىز ھەققىدە بەرگەن ساۋاقلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىزگە بەرگەن ئىلھامىنى كېچىك دەپ ھېسابلىمايمىز. بۇ ساۋاقلار ۋە كەمچىلىكلىرىمىزنىڭ يۈزىنى ئېچىپ بەردى. بۇ خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەر نېمىلەرنى يېزىشنى بىلمەسلىك، ئاكتىپ مەسىلىلەرنى تاللاپ ئالالماسلىق، تارىخى ۋە سىنىپى كۆز قاراشنىڭ يېتىشسىزلىكى، تۇرمۇشتىن ئارقىدا قېلىش، رېئاللىقنى تونۇماسلىق، سىياسى جەھەتتىكى خاملىق، ئاممىۋىلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلماسلىق، بولۇپمۇ جانلىق ۋە ساددا خەلق تىلىدا يازالماسلىق، سەنئەت ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىمەسلىك، ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىنى يولغا قويماسلىق، پروزا ۋە پيەسىلەرنىڭ كەمچىلىكى ئوخشاش مەسىلىلەرنى كۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز تۆۋەندە مۇشۇ مەسىلىلەر ھەققىدە بىر - بىرلەپ توختاپ ئۆتىمىز، لېكىن ئاپتورلار بۇنىڭدا دېگەندەك جانلىق ئوبراز يارىتالغان ئەمەس. لېكىن بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنسەك، خەلقنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرالمايمىز. ئومۇمەن ناھايىتى تۇرغۇن ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇشنى كۆرسۈتۈش بىلەنلا توختىغىدۇ. قىسقىسى بىر كۆرەش مەنىسىدە كۆرسىتىلگەن ئەمەس. دېمەك بۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز يېڭى ۋاقىئەلىكلەردىن تەخى ئوبدان خەۋەردار ئەمەس دېگەن گەپ.

بىزدە تەخى ئىشچىلار ھەققىدە ھېچنەرسە يېزىلغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى، بولۇپمۇ بۈگۈنكى رەھبەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى، كۆرەشچان ئىنقىلابچىلىق ئۇيغۇرىسىدا بىرەر نەرسە يېزىلىپ باقماپ- تۇ. شۇنداقلا ئەسكەرلەر ھاياتى ھەققىدە يېزىلغان نەرسىنىڭ تايىنى يوق. بىز ئەلۋەتتە مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىن ۋاقىئەلىك تاللاپ، ئۇلارنىڭ جانلىق ئوبرازىنى يارىتىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ تاللىغان تېمىلىرىمىز كۆز ئالدىمىزدىكى ئاساسى سىياسى كۆرەشكە - ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش؛ يەر ئىسلاھاتىنى كېڭەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى ئۇرۇش، ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلارنى باستۇرۇش كۆرۈشىگە ۋە شۇنىڭدەك بۈيۈك ئىشلەپ چىقىرىش ھەرىكىتىگە بېغىنىشى كېرەك. يەنى شۇ سىياسى كۆرەشنى ئىنىكاس قىلىدىغان ۋە بۇ كۆرەشكە ئىلھام بېرىدىغان تېمىلارنى تاللاپ يېزىش كېرەك. نېمىشقا ئاپتورلار قانداق تېما بىر ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتلىكىنى ياخشى چۈشەنمەي ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپىغا مۇۋاپىق كەلگەن نەرسىلەر (تېمىلار) ئۈستىدە ئىشلەشكە تۇتۇنۇپ، ئۇ تېمىنىڭ جەمئىيەت ئىسلاھاتى، ئىقتىسادىكى مۇھىم ۋەزىپىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش رولى قانداق بولىدۇ، قانداق ئەمەس ئۇ تەرىپىگە دىققەت قىلمايدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ چالغان لايىقسىز مۇقامى قۇلاققا ياقماي قالىدۇ.

2 - سىنىپى ۋە تارىخى كۆز قارىشىنىڭ يېتىشسىزلىكى، ئەدەبىيات ئىدىئولوگىيە كۆرەش قورالىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم، ئاپتور ئەلۋەتتە ئۆزى تەسۋىرلىگەن نەرسىدە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىز ماۋ زېدۇڭ مەپكۇرىسىنى ئاساس قىلىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىنى شۇ مەپكۇرىدە تەربىيەلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى لازىم. بىزنىڭ بۇ نەرسىنى تولۇق ھەل قىلالىشىمىز، بىزنىڭ تۇرغان مەيدانىمىزنىڭ توغرى بولۇشى بىلەن تەئمىنلىنىدۇ. رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىزنىڭ مەيدانىمىزنىڭ پرولېتارىيات مەيدانى بولۇشىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن. بىز ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە، زادى شۇنداق مەيداننى ئىگەللەشكە تېگىشلىكمىز. چۈنكى بۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسى مەسىلىسىدۇر. بىز مۇشۇ ئاساسى مەسىلىنى تونۇپ ئىجادىيىتىمىزدە سىنىپى كۆز قاراشنى، ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرنى ئىپادىلىشىمىز كېرەك. بىز يازغان نەرسىمىزنىڭ ئەلۋەتتە سىنىپى ۋە تارىخى بىلىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز لازىم. مەسىلەن: بۈگۈنكى كۈندە مېھنەتكەش خەلقىمىز قەد كۆتەردى، ئاپتور ئۆز ئىجادىيىتىدە بۇ-

www.azizisa.org

www.azizisa.org



«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى 1951 - يىلى 4 - 5 - سان. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورى www.azizisa.org

ئەرسىنىڭ ئەساسىي بىر ھالدا مەسىلىگىنى، مىھنەتكەش خەلقنىڭ كۈلۈك رولىنى، يەنى ئۇنىڭ دۇنيانى ۋە تارىخنى ياراتقۇچى قۇدرىتىنى، پەقەت مۇشۇنداق قۇۋەت ئەلڭ ئاخىردا غەلىبە قازىنىدىغانلىغىنى، بۇ غەلىبىنىڭ جەزمەن، پۈتكۈل مەنگۈلۈكلىكىنى، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى ئەلڭ ئاخىرقى غەلىبە ئەكەنلىكىنى چوڭقۇر قىلىپ يېشىپ بېرىشى، تارىخى ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ، خەلقنى ئىشەندۈرۈشى لازىم. بەزى ئاپتورلار ئۆزلىرى تېخى بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ. مەسىلەن: رەھىمتۇللا ئ.رزىنىڭ «ئەقىل» دېگەن بىر شېئىرىدە مىھنەتنىڭ دۇنيانى، تارىخنى ياراتقۇچى ئەكەنلىكىنى، يەنە ماددىنىڭ بىرىنچىلىكىنى، ماتېرىيالىزمنى ئىنكار قىلغان ھالدا، پۈتۈن بارلىقنى ئەقىل ياراتقان دېگەن ئىدېئالىستلىق كۆز قاراشنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق كۆز قاراش بىلەن مىھنەتكەش خەلقنىڭ پائالىيىتى توغرۇلۇق قىلغان سۆز www.azizisa.org

زى ئاپتورلار ئۆز قەھرىمانىنى مىھنەتكەش، كۈرەشچان قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن گەپلەر ياكى ئاپتورنىڭ بەزى سۆزلىرى قەھرىماننىڭ ئەسلى مەخسىدىگە قارشى كېلىپ قالىدۇ. مەسىلەن: قۇربان ئىمىن ئۆزىنىڭ «ئالتۇن كۆل» دېگەن پوئېمىسىدا قەدىرنى كۆتەرگەن بىر مىھنەتكەش قىزىنى تەسۋىرلەيدۇ. لېكىن قىزنىڭ بەزى جايلاردا ئارزۇلىرى، كۆز قاراشلىرى بۇرژۇئا شائىرلىرىغا خاس بولغان مەپكۇرىنى ئىپادىلەپ، نەتىجىدە قەھرىماننىڭ قىممىتىنى بەرگە تۇرۇدۇ. بۇ، ئاپتورنىڭ مەپكۇرە جەھەتتە تېخى قالاق ئەكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئەھۋاللار خەلق كۆزىدە كۆرۈنگەن ئاپتورلىرىمىزدە يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: ئەنئەنەتىنىڭ زوقۇرىدا ئىشلىتىلگەن «قارلىغاچ» ناملىق پوئېمىسىنىڭ باش قەھرىمانى ئاتانىڭ ئوبرازىدا ئەجىبلىكلەر بار. قاقشان فېئوداليزم دەۋرىنىڭ ئەزىشىگە چىدالماي خەلق ئىچىدىن ئەتىلىپ چىققان باتۇر بولۇپ تۇرۇپ بەزى جايلاردا زوۋۇرى سېنىپقا قول قوشتۇرۇدۇ بەزى ۋاقىتتا بوشاپ كەتكىپ توختاپ قالىدۇ. زۇنۇن قادىرنىڭ «ماغدىر كەتكەندە» دېگەن ھېكايىسىنى ئالايلى: بۇ ھېكايە ئازادلىقتىن ئىلگىرى يېزىلغان. ۋە ئوتتۇرىدىكى دېھقانلار ھاياتىنى ئىپادىلىگەن بىر ئەسەر بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا خەلق ياخشى نەزەرگە ئىلىنغان. ھەقىقە-

تەنقىد ئەسەرنىڭ گۈزەللىكىنى ئۈستۈن باھالاشقا ئەرزىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ئوتتۇرىدىكى يېمىرىلگەن دېھقان ھاياتىنى، كۆڭۈلسىز ئەسكى تۇرمۇشنى كۆرسەتمەك بولىدۇ. لېكىن بۇ تۇرمۇشنى يېمىرىپ تاشلىغان ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرنى ياخشى كۆرسىتەلمەيدۇ. مەسىلىنىڭ سىنىپىي بەلگىسىنى ياخشى يېشەلمەيدۇ. يېمىرىلگەن دېھقان ھاياتىنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى جاۋشۇلىنىڭ «فۇگۈي» دېگەن ئەسىرىدە (1) بەك ياخشى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭدەك فۇگۈي نىڭ سىنىپىي ماۋقىيى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش ياسىغان مەپكۇرىسى ناھايىتى ئەدىللىق ھالدا يېشىپ كۆرسىتىلگەن. ئەمما «ماغدىر كەتكەندە» ھېكايىسىدە بۇ نەرسىلەر ياخشى كۆرسىتىلمىگەن.

مۇنداق مىساللارنى يەنە خېلى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئومۇمەن بىزنىڭ يېتىشسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئاپتورلىرىمىزغا مەپكۇرە جەھەتتىن زور غۇن تەربىيەلىنىشكە، جەنئىيەتشىقا توغرى كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ مەپكۇرىسىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنداق بولمىغاندا بىز ھەممىنىڭ تارىخى ۋە سىنىپىي بەلگىسىنى كۆرسىتەلمەيمىز. مەسىلىنىڭ تارىخى ۋە سىنىپىي بەلگىسىنى كۆرسىتەلمەسلىك بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈن يات بولغان نەرسىدۇر. خاتالىق ۋە يېتىشسىزلىكلەرنىڭ ساقلىنىۋېرىشىگە بىزنىڭ ئىجادىيەت يولىمىز ئورۇن بەرمەيدۇ.

3 - رېئاللىقنى ۋە سىياسەتنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەك. بىزدە سىيۇژېتلىق ئەسەرلەرنىڭ يېتىشمەسلىكى ئاز.

(1) - بۇ كۈنكى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ۋە دېھقانلار تېمىسىدا يېزىلغان گۈزەل ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان يازغۇچى ھەم شائىر جاۋشۇلىنىڭ «فۇگۈي» دېگەن ھېكايىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى غۇلجا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ نامىدىكى مەتبەئەدە بېسىلدى. بۇ ئەسەر كونا جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ۋەيرانىلىقنى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزگىرىش ياسىغان ئادەملەرنىڭ لۈكچەكلىشىپ يامان يوللارغا كىرىپ كېتىشىنى، ئۇنىڭغا سەۋەپ بولغۇچى شۇ دەۋردىكى ئەسكى ئوبيېكتىپ شارائىتنى بىر فۇگۈينىڭ ئوبرازى ئارقىلىق يەشكەن. كونا جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق خاراكتېرىنى يېشىپ كۆرسىتىشتە جاۋشۇلىنىڭ بۇ ئەسىرى بىزگە ئۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ.

www.azizisa.org

شۇ بار بولغانلىقىمىز تەلەپىنى قاندۇرالمايدۇ. كۆپ ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيىتىدە رېئاللىقتا يات بولغان نەرسىلەر تولا تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ھال ئەسەردە سۈنئىيلىكنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئاپتورنىڭ رېئال ھايات ئىچىگە چوڭقۇر كىرىشى، ماتېرىيالنى پۇختا راسلىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئەسەرلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ ئېشەنچىسىگە، ئالقىشىغا ئىگە بولالمايدۇ. يولداش پ. كالاكولتسوۋنىڭ سەزغان چاۋشەننىڭ يېڭىۋاتقان شەھەرلىرىنى ئىپادىلىگۈچى رەسىمدە رېئاللىق يېتەرلىك ئەمەس. يەنى كۆرسىتىلگەن كارتىنا چاۋشەننىڭ يېنىۋاتقان ئوت ئىچىدىكى ۋەيرانلىقىنى، قىيا-چىيانى ۋە ھاكازالارنى قانائەتلىنەرلىك ھالدا يېشىپ بەرەلمەيدۇ. شۇنداق دېھقانلار ھاياتى ھەققىدە يېزىلغان كۆپ ئەسەرلەردە رېئاللىق يېتەرلىك ئەمەس. ئاپتور بۈگۈنكى كۈرەش ئىچىدىكى دېھقانلار ئوبرازىنى يارىتىشتا تۇتۇلدۇ. لېكىن ئۆزى بۇ كۈرەش ۋەزىيىتىگە چوڭقۇر چۆكمىگەنلىكتىن بۈگۈنكى رېئاللىقتا يات بولغان نەرسىلەرنى كۆرسەتتى. بۈگۈن مەملىكەتىمىزدە خەلقنىڭ ھاياتىدا يېڭى مۇناسىۋەتلەر ئورنىماقتا. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، خىزمىتى، كۈرىشى، ئوقۇشى ئاجايىپ بىر يېڭى تۈسكە كىردى. بۇ ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە توپ-توغرا بىلەن ئوخشايدىغان ئەھۋاللار. لېكىن ئاپتور بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەرسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭى ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن ياكى بىرونتى مۇناسىۋەتلەر توغرۇلۇق سۆزلەۋسە، ئورغۇن قارىمۇ-قارشىلىق تۇغۇلدۇ. رېئاللىقتا يات بولغان نەرسىلەرنى خەلققە زورلاپ تاڭىش مۇمكىنمۇ؟ بەزىلەر تۇرمۇشتىن خەلق رېئاللىقلارنى تاپىدۇ. لېكىن ئۇنى كۆز ئالدىمىزدىكى جىددىي سىياسى خىزمەتكە (گەرچە بۇ تاپقان فاكتلار شۇ جىددىي سىياسى خىزمەتكە شۇنچە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ) ماسلاشتۇرالمايدۇ. بۇ-ئاپتورنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى سىياسى ۋەزىپىلەرنى ياخشى تونۇيالمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مەسىلەن: ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ ئالاقىدارلىق ۋە كېلىپ چىقىشى بولغان ئابلىز نازىرى ئۆزىنىڭ «تىنچلىق» دېگەن شېئىرىدا خەلقنى چوڭ ماھارەت بىلەن يازغان. شائىر شېئىرىدا تىنچلىقنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قىممىتىنى تەرىپلىگىنى، تىنچلىق ئۈچۈن بولۇۋاتقان خەلق ئارا كۈرەشنىڭ كۈچلۈك كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ

كۈچكە ستالىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇرۇش خۇمارلىرىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. تىنچلىق ئۈچۈن بولۇۋاتقان خەلق ئارا ھەرىكەتلەر خېلى تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، بۇ كۈرەشتە بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىگەللىگەن رولى ھەققىدە ھېچنەمە دېمەيدۇ. شېئىرنى ئوقۇغۇچى دۇنياغا مەلۇمكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خەلقىمىزنىڭ كۈرەشچانلىقى بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە كەسكىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. شۇنداقلا بۇ كۈرەشچانلىق دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتا ئەڭ ئاساسلىق رول ئويناۋاتىدۇ. لېكىن ئاپتور بۇ تەرەپلەرنى ئۇنتۇپ قالغان.

غايىز ئېسماقنىڭ خامان ئېلىۋاتقان دېھقانلارنى تەسۋىرلىگەن رەسىمىدە ئەنىقلىق يوق. كۆرگۈچى بۇ مەنزىرىنىڭ ياكى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى دېھقانلار ھاياتىمۇ، يا كېيىنكىمۇ ئۇقالمايدۇ. قىسقىسى بۇ رەسىمنىڭ سىياسى ئەھمىيىتى بەك تۆۋەن بولۇپ قالغان.

ئابايغان ئۆزىنىڭ قازاق قىزى دېگەن ئەسەرىدە بۇ قىزنى ئېزىلگەن، مال ئورنىدا سېتىلغان قازاق قىزلىرىنىڭ ئىچىدىن چىققان قەھرىمان قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئاپتورنىڭ ئەمەلىيىتىدە، بۇ قىز ئۆز-ئۆزىدىن ئورمانغا كىرىپ يوقاپ كېتىدۇ. مەلۇمكى، خەلقىمىز بۈگۈن مۇنداق خىيالى كۆرسىتىشكە رازى بولمايدۇ. بۈگۈن قازاق قىزلىرى ئورمانغا بېرىپ بىكاردىن-بىكار يوقاپ كېتىشنى خالىمايدۇ.

ئومۇمەن مۇنداق كەمچىلىكلەر ئاپتورنىڭ تېمىنى سىياسەتكە باغلىيالمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، پەقەت فاكت كۆرسەتكەن بىلەن، گۈزەل تەسۋىرلىگەن بىلەن، ئۇنىڭ قانداق سىياسەت ۋە غايىسى مەزگىل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى بىلەن كارىمىز بولمىسا، ئۇ ئەسەر خىزمەت قىلالمايدۇ. سىياسەتنى بىلمىگەن ئاپتور جەمئىيەتنىڭ كەينىدە قالىدۇ. شۇ تۈگەدەك قانداق يېزىشنى، كىمنى يېزىشنى، كىمنى قانداق يېزىشنى، بۈگۈن قانداق يېزىشنى، ئەتە قانداق يېزىشنى، يىراقنى كۆرۈشنى، ئوقۇغۇچىنى نېمىگە ئۈندىمەكچى بولغىنىنى بىلمەي قالىدۇ. دېمەك ئۇ ۋاقىتتا ئەسەرنىڭ سىياسى روھى بولماي قالىدۇ. بىز سىياسەتتىن يىراق بولغان ئىجادىيەتكە قارشىمىز.

4 - ئەسەرنىڭ سەنئىتىنى پۇختا ئىشلەش كېرەك.

www.azizisa.org

بىز مەزمۇن بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرى ھەل قىلىشىمىز لازىم. نۇرغۇن ئاپتورلار «ئەسەرىمدە سىياسى خاتالىق بولمىسىلا مەيلى، سەنئەتنىڭ كارى چاغلىق» دەيدۇ. لېكىن بىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈستىدە مۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنى ياقلىمايمىز. ئەلۋەتتە ئەسەرنىڭ سىياسى خاتاسى بولمىغىنى ياخشى. ئەمما شۇ سىياسى خاتالىقى بولمىغان نەرسىنى خەلقنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىزگە سەنئەت لازىم. بىز ياخشى مەزمۇننى، ياخشى سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز. بىزگە ئەلۋەتتە سەنئەت ماھارىتى لازىم. بۇنىڭسىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بولمايدۇ. بەزى ئاپتورلار بەزىدە مەزمۇن ۋە سەنئەت جەھەتتىن خېلى ئوبدان نەرسىلەرنى يارىتىدۇ. ئۇلارنىڭ گۈزەللىك ئەسلى تالانتىغا مۇناسىپ بولمىغان بىر نەرسىلەرنى يازىدۇ. بۇ - پۇختا ئىشلەشنى ئېغىرچىلىق ئەلىپ بارالمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. يولداش تۇرغۇن ئالماس مۇسابىقىدە 3 - دەرىجىگە ئېرىشكەن بولدى. ئۇنىڭ يېزىش تارىخى خېلى چىڭ. لېكىن شېئىرنىڭ سەنئەت جەھەتتىن پۇختىلىقى ئېغىر ئەمەس، كۆپ ۋاقىتلاردا ئالدىراپ يازىدۇ. سەنئەتسىز چىققانلىقتا ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ سۇيۇقلىشىپ قويىدۇ. ئەگەر تۇرغۇن ئالماس ھەر بىر ئەسىرى ئۈستىدە ئالدىراقسانلىق قىلماي، پۇختا ئىشلىسە، خېلى ئوبدان نەرسىلەرنى يارىتىشىغا كۆزىمىز يېتىدۇ. شۇنداقلا بۇ ھالەتنى كەۋىر نىيازنىڭ، يۇسۇپ ئىلياسنىڭ، باتۇر راشىدىننىڭ، رامازان ئوسمانوۋنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈش مۇمكىن. بۇ ئاپتورلار ئارىلاپ ھەممىنىڭ زوقىنى كەلگۈدەك بىر نەرسىنى يارىتىدۇ. ئۇلار ئۆزى بىلگەن سەنئەتتە چۈشۈپ ئادەمنى قىزىقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنى يېزىپ قويىدۇ.

ئەسەرنىڭ سەنئىتىنى پۇختا ئىشلەش مەسىلىسىدە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى زور ئىكەنلىكىنى بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز تېخىچە ياخشى چۈشەنمەيۋاتىدۇ. مەسىلەن: شېئىر يېزىشتا بىزنىڭ ئىشلىتىدىغان شەكىللىرىمىز، ئەسەرلىرىمىز تولاراق ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، (2) لېكىن خەلقىمىز ئۈچۈن ئۆتۈككەندىن يېقىملىق بولغان شەكىل، تەسۋىرلەر خەلق ئەدەبىياتىدا تېپىلىدۇ. خەلق ئەدەبىياتى تەسىرىدە يېزىش مەسىلىسىدە خەلق جىق ئاپتورلىرىمىز ئانچە ۋەزىقماي كەلمىشتى. خەلق ئەدەبىياتى روھىدا يازغان ئاپتورلاردىن - ئەلقەم ئەختەم، د. تۇرەخمەت تۇۋ، باتۇر راشىدىن، يۇسۇپ ئىلياس، ئابلىز نازىرى، ئىبىيجان ئەلىيوۋ، بۇقارا، ئەلىزبەك، نەخمەت، كەنجەى ۋە باشقا يولداشلارنىڭ بىر قانچە ئەسەرلىرى سەنئەت جەھەتتىن خېلى مۇۋاپىقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنى پۇختا ئۆگەنمىگەنلىكتە نۇرغۇن ئاپتورلىرىمىز ياخشى قىزىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغانلىرى ياخشى، گەۋدىلىك، يېقىملىق بولالمايدۇ. بۇ يەردە بىر مىسال ئۈچۈن بىر نەرسىنى تېمىتىشقا توغرى كېلىدۇ، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە تىپ يارىتىش دېگەن بىر گەپ بار. بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىزدە تىپ يارىتىشتىكى تالايمىغانلىقلىرىمىز خېلى جىق. تىپ دېگىنىمىز، جەمئىيەتتىكى بىر تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ (بىرەر سىنىپ، بىرەر ئەئتىقات، بىرەر كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ) ۋەكىلىنى كۆرسىتىش دېگەن گەپ. تىپنى يارىتىش ئۈچۈن يالغۇز بىر ئادەمنىڭلا سىر كۆزەتىشى، مەپكۇرە ئىنكاسى، مىجەزى www.azizisa.org چۈن شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قانچىلارنىڭ شۇنداق كەيپىياتىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئاندىن ئۇ، گەۋدىلىك بىر ئوبزور بولىدۇ. ئوز سىنىپىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ چىقىدۇ. بىز تىپ يارىتىشتا، م. گوركىينىڭ ئۇستىلۇبىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم. م. گوركىينىڭ «ئانا» رومانىدىكى ھەر بىر ئىشتىراكچىلار جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئادەملەرنىڭ بىردىن جانلىق ۋەكىلى، شۇنداقلا بۇ تىپ يارىتىشنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرى بولغان بۈگۈنكى خەنسۇ ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن «قىزىل بايراق ناخشىسى»، «ئاق چاچلىق قىز»، «دۇڭ گۇي» ئوخشاش ئەسەرلەر بىزگە بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئەسەرنىڭ سەنئەت، تېخنىكىسىنى پۇختا ئىشلىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان مەسىلە.

5 — ئاممىۋىلاشتۇرۇش يېرىنچى - بىز ژۇرنالدا تېما تاللاش، مەپكۇرە، تۇرمۇشنى ئۆگىنىشنى، سىياسەتنى بىلىش، سەنئەتنى پۇختا ئىشلەش ھەققىدىكى مەسىلە ئۈستىدە توختاپ ئۆتتۇق. ئەنە شۇ نەرسىلەرنى ئاساس قىلىدىغان ئەدەبىياتىمىزنىڭ خىزمەت قىلىش جايى - كەڭ خەلق ئاممىسىدۇر. بۇ ئامما تەخ-

(2) - بۇيەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىلىرى كۆزدە تۇتۇلدى

www.azizisa.org

ماۋادى ژۇرنىلى بولمىغان ئادەملەر ـ ئاددى ئادەملەر ماسسىسىدۇر. بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىز ئەنە بىرىنچى قەدەمدە شۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ خىزمەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئىجادىيەتتە ئاممىۋىلاشتۇرۇش بولىدۇ.

— رەئىس ماۋزېدوڭ بۇنداق ئاممىۋىلاشقان ئەدەبىياتنى يارىتىش ئۈچۈن ئاممىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش زورۇر دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە رەئىس ماۋزېدوڭنىڭ مۇنداق بىر داھىيانە كۆرسەتمىسى بار: «ئاممىنىڭ تىلىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئاممىغا رەھبەرلىك قىلغىلى بولمايدۇ»، «ئاممىغا شاگىرت بولغاندىلا، ئاندىن ئاممىنىڭ ئۇستازى بولالايدۇ» بىز ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيەت توغرۇلۇق سۆزلەيدىكەنمىز، ئەلۋەتتە بۇ داھىيانە تەلىماتنى ئۇنتۇماسلىقتا تېگىشلىكمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز خەلىق ئاممىسى چۈشىنىدىغان، خەلىق ئاممىسى زوقلىنىدىغان قىلىپ يېزىشنى ئالغا سۈرۈشىمىز كېرەك. تىل جەھەتتىن بىزدە (ئۇيغۇر يولداشلار ئىچىدە) يولداش زوردۇن قادىرىنىڭ تىلى خەلقى گۈزەلدۇر. لېكىن بىزنىڭ نۇرغۇن ئاپتورلىرىمىز خەلىق چۈشىنىدىغان ساددا تىللاردا يازمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئۆز ئەسىرىگە «ھەيۋەت»، «سۈر» بېرىش ئۈچۈنمۇ خەلىق ئىشلەتمەيدىغان سۆزلەرنى، غەلىتە ئىبارىلەرنى ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلىق ئاممىسى ئۇنىڭ مۇنداق ئىجادىيىتىگە ئېتىبار قىلمايدۇ. مەسىلەن: ئەيسا يۈسۈپنىڭ «زەنجىرلەنگەن تەن» دېگەن ئۇچرىكى، ئابدۇرېھىم يۈسۈپ، مەھەممەت ئىمىن يۈسۈپ، ئاياغان، قاجىغۇمار شابدا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدە خەلقى نۇرغۇن ئېغىرلىق بار. بۇ ھال ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆمەنلەشتۈرۈپ قويغان بىر ئەمەلدى. مۇنداق تۆمەنلىكلەرگە يول بەرمەيمىز. ئەمدى بىز كەڭ مېھنەتكەش خەلىق ئاممىسى ئۈچۈن يازىمىز. ئۇلار بىزنىڭ يازغانلىرىمىزنى كۆرۈش ياكى ئاڭلاش بىلەن شۇ زامان چۈشىنىپ يەتسۇن. دۇرۇست، يۈكسەلدۈرۈشكە قارشى ئەمەسمىز. بىزنىڭ يۈكسەلدۈرۈشىمىز ئاممىۋىلاشتۇرۇش ئاساسىدا بولىدۇ. يەنى بىز تۆۋەندىن يۇقىرىغا تەرەققى — چوققىغا ئاممىۋىلاشتۇرۇشنى يۈكسەلدۈرۈشكە قاراپ تەرەققى قىلىشىمىز لازىم.

6 — پروزا ۋە پېسسا ئەسەرلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش مەسىلىسى: بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىي-ئىجادىيات ھەر كىتابىمىزدە بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنگىنى پوئېزىيە (شېئىر) بولۇپ قالدى. لېكىن ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىدا تېخى كۆزگە كۆرۈنگىدەك نەرسىلەر بەك ئاز. بىزنىڭ خەلقىمىز مۇشۇ كۈنلەردە سەھنە ئەسەرلىرىنى، پروزا ئەسەرلىرىنى جىق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بىز مۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىمىزدە پروزا ۋە پېسسىلەر يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ھەقىقەتەنمۇ پروزا ۋە پېسسا بىزنىڭ ئەدەبىي - ئىجادىيىتىمىزگە كېچىكىپ كىرگەن ژانىر. ئەلۋەتتە بۇنى تېز تەرەققى قىلدۇرماي بولمايدۇ. شۇنداقلا پوئېزىيە تولاراق لىرىكا بىلەن چەكلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭدىنمۇ بىر قەدەم ئالغا www.azizisa.org تان، ژانىرلاردا مەسەل باشقا شەكىللىرىنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

7 — باشقا سەنئەتلەر ھەققىدە سەنئەت ساھەسىدىن بۇ مۇسابىقىگە رەسىم، ھەيكەلتاراشلىق ئاتناشتى. قالغان ساھەنىڭ بۈگۈنكى كونكرېت ئەھۋالى بىزگە راسا دەككەندەك مەلۇم ئەمەس. ھەيكەلتاراشلىق بىزنىڭ سەنئىتىمىزدە ئاجايىپ بىر يېڭىلىق بولۇپ تېپىلەندى. بۇ ئىشتا ياخشى ئەمگەك قىلغان ئىجادكار غاپپار ئىسھاقنى، پ. كالا كولتسوفنى ئالاھىدە باھالاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن شۇندىمۇ ھەيكەلتاراشلىق تېخنىكىسىدە يېتىشمەسلىك بار. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئېغىر ۋە مۇرەككەپ بولۇشى، بۇنىڭ كۆپ چىقىم بولۇپ، كۆپ تارقىلىشىغا ياخشى ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. مۇندىن كېيىن بۇنىڭ تېخنىكىسىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك بىر سەنئەت ئىجادىيىتى قىلىش لازىم. ئۇندىن باشقا ئاھاڭ ئىجات قىلىش، ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا چېلىش، رول بېجىرىش، ئۇسۇل ئويناش ۋە ھەر يىل شەكىللىك سەنئەتلەرنىڭمۇ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ، ئالغا بېسىشتا كۆپ ياردەم بېرىش كېرەك.

8 — تەنقىت ۋە بىبلىئوگرافىيە مەسىلىسى — بىز ھېچقاچان تەنقىتسىز ئالغا باسالمايمىز. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكلىرىنى يېشىپ بېرىدىغان ئاساسى ئىلىم تەنقىت ۋە بىبلىئوگرافىيە بىزدە تېخى يولغا قويۇلغىنى يوق. كەمچىلىكلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا كۆرسىتىپ، مۇۋاپىقىيەت ئالالاپ ئەلىش ئۈچۈن ئەنە شۇ ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. بۇ زور شەرت يولغا قويۇلمىغاچقا بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكلىرى ھەققىدە يولۇرۇقسىز قېلىپ، خاتالىق ۋە كەمچىل

www.azizisa.org

لىقلارنى تۈگىتىش يولىنى تاپالمايۋاتىدۇ. دورۇست، كامچىلىقلار ھەققىدە قىسمەن تەنقىدى پىكىرلەرمۇ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى. ئەمما بۇ نەرسىلەر خاتالىق، يېتەرسىزلىكلەرنىڭ تۈپ - يىلتىزىنى تولۇق يېشىپ كېتەلمىدى. شۇڭا ئىلگىرىلەك ئۆتمۈشتىكى رېئاكسىئونلار دەۋرىدە يېزىلىپ خەلىق ئىچىگە تارقىتىلغان ئەسەرلەر، ھەرلىك مەيكۇرىدىكى ئەسەرلەر خەلىق ئالدىدا پاش قىلىنمىدى. مەتبۇئاتلاردا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئادالىق، يېڭى ئىدىيەلىك خىزمەت ئەھۋاللىرىدىن خۇلاسە چىقىرىش - تەنقىت - بىبلىئوگرافىيە يېزىش مەسىلىسى ئىجادىيەتنى

www.azizisa.org

بولغان راسا ئوبدان يولدۇر. چۈنكى ھەربىر شەخسى ئۆز - ئاتالغىنى ئۆزى تولۇق چۈشۈنەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى بىر شەخسىنىڭ، ياكى كوللېكتىۋ ئاپتورلارنىڭ پىكىرلىرىگە مۇھتاج بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئىچىمىزدىن تەنقىتچىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بىز ئەلۋەتتە كوممۇنىستىك تەنقىت يەر كۆزۈشنى ۋە تەنقىتكە كوممۇنىستىك كوز قاراشنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بولۇپمۇ بۇ خىزمەتنىڭ تەربىيەۋى خاراكتېرى ئاجايىپ ئۈستۈن بولىدۇ. شۇ ئالاشتا بىز تەنقىت ۋە بىبلىئوگرافىيە ئەسەرلەر يېزىش ئىشىنىڭ كەڭ قانات يېيىشىنى كەچىكتۈرۈپ بولمايدىغان جىددى مەسىلە دەپ تونۇپ، ئۆزىمىزنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىرىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسلىق يولەكچى قىلالايلى!

9 - ئالدىمىزدا چوڭ ئىجادىيەت قاينىمى تۇرۇپتۇ. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئاجايىپ ئىجتىمائى ئىسلاھاتلار ماڭماقتا. جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزالىرى بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن بۇ ئۇلۇق كورەشكە ئۆز ھەسسىسىنى قوشماقتا. ئەلۋەتتە ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ كورەش قاينىمىغا كىرمەي يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. بىز يالغۇز بۈگۈنكى كورەشنى ئىنئىكاس قىلىپ بېرىش بىلەنلا توختىماي، كەلگۈسىدىكى كۈنىمىزنىڭ پارلاق مەزمۇنىنى خەلققە ئاڭلىتىشىمىز كېرەك. يەنى، بۈگۈن يۈز بېرىۋاتقان يېڭى ئىجادىيەتنى كەمەيتىش ھەر كۈنىنى كورسىتىش بىلەن تەڭ ئالدىمىزدا بولىدىغان يېڭى ئىسلاھاتنىڭ ئۇلۇق خۇسۇسىيەتلىرىدىنى بۈگۈن خەلققە چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. مانا بۇ ئىنقىلابى ئەدەبىياتنىڭ بەدىئى خەلىق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئەدەبىياتنىڭ بۈيۈك خۇسۇسىيىتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئاپتورلار چوڭ كورەش قاينىمىغا ئاتلىنىپ، شۇ خىزمەتنى ئورۇندىشى ئەزىزىنىڭ بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنىڭ مۇھىم قىسمى دەپ بىلىشى كېرەك. بىز ھەممىمىز تەكىتلەپ قاپ تۇرماي خىزمەتكە قىزغىن كىرىشىپ ياخشى نەتىجە قازىنىشنىڭ يولىنى ئىزدىشىمىز لازىم. ئولكىمىزدىكى بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر تەشكىلى ئورۇن (ئولكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت بىرلەشمىسى) بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىزنىڭمۇ ئەھمىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمايلى.

چۈنكى بىزنىڭ ئىلگىرى ئوتتۇرىمىزغا كەڭ يول ئاچىدىغان بىر يولدۇر. شۇنىمۇ يانا تەكرار ئېيتىشقا توغرى كېلىدىكى، بىز يالغۇز ئىجات قىلىش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي كوللېكتىۋ ئىشلەش مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەيلى. چۈنكى كوللېكتىۋ ئىشلەنگەن نەرسىلەر پۇختا ۋە ھەقىقى بولىدۇ. شۇنداقلا نەرسىلىرىمىزنى ئىلگىرى مۇزاكىرە ۋە پىكىرلەردىن ئۆتكۈزۈپ پۇختا قىلىپ ئىشلەشكە ئادەتلىنەيلى!

ئومۇمەن بۇ ۋەزىپىلەر ھەممىمىزدىن ئۇلۇق بىر ئىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز تەربىيەمىزنى ئۈستۈرۈشىمىز لازىم. بىز كورەش بىلەن سىياسەتنىڭ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ، مەزمۇن بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تولۇق ھەل قىلغان ھالدا ئۆتمۈشتىكى خاتالىق ۋە كامچىلىقلارنى تۈگىتىپ خەلىقنى رازى قىلغىدەك بىر ئەمگەك قىلايلى. بىزنىڭ باشلىغان ھەر كىتىمىز غەلىبە تاپماي قالمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئىشىمىزغا شانلىق پارتىيەمىز ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىك قىلماقتا.

ئەڭ ئاخىرىدا شۇنى ئېيتماقچىمىزكى، بىز قەتئى ئىرادە، ئىنقىلابى روھ بىلەن بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا قىزغىن ئاتلىنايلى!

بىرىنچى نوۋەتلىك شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلەر مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ھەيئىتى.

www.azizisa.org

يۇسۇپ.
ئىمىن تۇر.
... ، ئەنۋەر لوقمان ،
... ، خۇدابەردى تالىپ ،
... ، مەھەممەت ئىمىن يۇسۇپ ،

نامىي... ت يۇدن ،
ئابدۇخالىق ئومەروفلەر .

كىتاب نومىرى : 5040

新疆文藝 （維文） 第四、五期

شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى №4-5

編輯者： 新疆文藝編輯委員會
（迪化新東市路57號）
出版者： 新疆人民出版社
（迪化勝利路154號）
發行者： 新華書店新疆總分店
（迪化解放路689號）
印刷者： 新疆日報社印刷工廠

تەھرىرى: «شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئىتى» رېداكسىيەسى
(ئۈرۈمچى شىن دۇڭ سى كوچىسى № 57)
ناشىرى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
(ئۈرۈمچى غالىبىيەت كوچىسى № 154)
تارقاتقۇچى : شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ شىنجاڭدىكى باش شۆبىسى
( ئۈرۈمچى ئازادلىق كوچىسى № 68 )
«شىنجاڭ گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
( ئۈرۈمچى ئەھمەتجان كوچىسى )

1—3,050 一九五一年十二月三十日出版
定價：每期8,000元

1951 - يىلى 31 دېكابىردە نەشىر قىلىندى
تىراژى : 30 50 باھاسى : 8 000 دوللار

www.azizisa.org

www.azizisa.org

www.azizisa.org/e_kitap/XJ_Edebiyat_Senet1951_4_5.pdf

www.azizisa.org

25th April 2016, London